ئاپرېل 2025

ئومۇمىي 68-سان

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر 1



ختاينىڭ سۈرىيە تەسىرى 11



ئۇيغۇرلارغا قارشى تور جاسۇسلۇقى 34

2025 ئاپرېل

ئومۇمىي 68 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



2025-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەرغىلان

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى تور جاسۇسلۇقى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشپىيونلۇق بىلەن ئەيىبلىدى 61

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

چېگرا ھالقىغان مۇقام 29

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چەكلەش

## گۈلىستان

كرىستىيان درىبىيو ۋە ستېمىرىگىننىڭ مەيدانغا چىقىشى 43

**ئارقا مۇقاۋىدىكى رەسىمدە لاگېر تۇتقۇنى بۇمەرىيەم مجت**

## خىتاي تەتقىقاتى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىقى 65

خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قانداق ئىقتىسادىي باستۇرۇش قوللىنىۋاتىدۇ؟ 24

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

شەرقىي تۈركىستان: بىر ئىسىمنىڭ سۆكۈتتىكى غەزىپى ۋە كىملىك مۇجادىلىسى 38

## كۆڭۈل ۋە تەن

يېقىن دوستى يوق كىشىلەردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك 54

## تارىخ ۋە بىز

تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى چۈشى ئەمەلگە ئېشىپ، دۇنياۋى داڭلىق ماركىغا ئايلاندى

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەممەتلىك ئالىم جامال قارشى 18













ئىستراتېگىيە

GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك

# تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



## 18 ـ لېكسىيە: ئىستراتېگىيە مەغلۇپ بولغاندا

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

نېمىشقا يارامىلىق گېنىراللار جىددىي پەيتلەردە ئۆز ئىقتىدارىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ؟ نېمىشقا قالتىس شىركەتلەر (بەزىدە) ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ؟ كۆپىنچىمىز ئومۇملاشقان ئۇقۇملارغا ئىشىنىشكە مايىل، بىراق سودا دۇنياسىدا ۋە باشقا يەرلەردە ئادەتتىن تاشقىرى نەتىجىلەرنىڭ ئۆرنىكى مەۋجۇت. بۇ لېكسىيەدە بىز ئىستراتېگىيە بەلگىلەش ۋە ئىستراتېگىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىش داۋامىدا ئۆزىمىز يولۇقىدىغان ۋە يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى نەتىجىلەرگە يول ئاچىدىغان بەزى توسالغۇلارغا قاراپ چىقىمىز.

«KODAK» شىركىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ كۆپ قىسمىنى فىلى ئىشلەش ساھەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ شىركەت 1975 ـ يىلى تۇنجى رەقەملىك كامېرا پاتېنتىنىمۇ ئالدى، بىراق رەقەملىك كامېرا تېخنولوگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى داۋام قىلماسلىق يولىنى تاللىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، «KODAK» شىركىتى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نىسبەتەن ئاستا ئىلگىرىلەيدىغان بىر ساھەگە باغلىغانلىقى، شۇنداقلا رەقەملىك بولمىغان بىر قاتار ئاساسىي ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. «KODAK» شىركىتى ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار شىركەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن چوقۇم كۆچلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن «KODAK» شىركىتى رەقەملىك ئېلېكترون ساھەسىدىكى ھەر قايسى شىركەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈش يولىنى تۇتتى، ئەمما، ھەرگىزمۇ ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىمىدى. «KODAK» شىركىتى يەنە ئەرزان كامېرالارنى قوللاش جەھەتتە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىملىق ئىشلىتىدىغان رەسىم ئاپپاراتىنىڭ پەيدا بولۇشى كوداك شىركىتىنىڭ خوجايىنلىرىنى رەسىم لېنتىسىنىدىن باشقىسىنى ئۆز شىركىتىنىڭ پايدا ئېلىشتىكى ئاساسى سۈپىتىدە كۆرۈشنى قىيىنلاشتۇردى. ئاقىۋەتتە، كوداك شىركىتى خىمىيىلىك رەسىم لېنتىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشنى ئۆزىنىڭ بايلىق مەنبەسى سۈپىتىدە كۆردى.

كوداكنىڭ مەۋجۇت رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەقەملىك فوتوگرافچىلىققا ئۆتۈشتىن پايدىغا ئېرىشىشنىڭ بىر يولى بارمىتى؟ بەلكىم كوداك شىركىتى رەقەملىك فوتوگرامچىلىق ساھەسىدە تېخىمۇ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق رول ئوينىيالىشى مۇمكىن ئىدى.

كوداك شىركىتى بىر ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلدى. ھەتتا، كوداك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسىي مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىگە دائىر كۆچلۈك دەلىللەردىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن يولىنى ئۆزگەرتمىدى.

## ئىستراتېگىيىلىك كۆز بوياش

ياخشى ئىستراتېگىيىنى تۈزۈشنىڭ يولى بىز تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلغاندا بەزى تاللاشلاردىن ۋاز كېچىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «كوداك»نى مىسالغا ئالساق، ئۇ ھېچقاچان خىمىيىلىك فوتوگرافچىلىق ساھەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغانىغا ئوخشاش، رەقەملىك فوتوگرافىيە ساھەسىدىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. شىركەت قايسى يولنى تاللاپ، قايسى يولنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تاللاش ئېلىپ بېرىشقا ئېھتىياجلىق ئىدى.

ئىستراتېگىيىلىك كۆز بوياش — رېئال دۇنيادىكى ئىستراتېگىيىلىك تاللاشلارنىڭ ئورنىغا شوئارلار ياكى مەشغۇلات تېخنولوگىيەلىرى قاتارلىقلارنى قوللىنىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى بىلىنگەن مەشغۇلات تېخنولوگىيەلىرى — ئومۇمىي سۈپەت باشقۇرۇش، قىياسلاش، ئەڭ ياخشى مەشغۇلات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يېڭى مودا بولغان پروگراممىلارنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتكىنىڭىزدە ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇشنىڭ مەركىزىگە قەدەم قويىسىز. سودا پۇرسىتىگە، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا، بەزى ئىشلارنى قىلماسلىققا قارار بېرىسىز. بۇ خىل قارارلارنى چىقىرىش قىيىن بىر مەسئۇلىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال زىل ئىستراتېگىيىلىك يۆنىلىش بەلگىلەشكە تەييارلىقى بولمىغان لىدىرلارنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق باھا بېرىش، ئەڭ ياخشى مەشغۇلاتلار ۋە مەشغۇلات تېخنولوگىيىلىرى قاتارلىقلار كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بەرسىمۇ، رىقابەت ئەۋزەللىكى پەيدا قىلالمايدۇ، ئىستراتېگىيە روياپقا چىقىرالمايدۇ.

ئىلگىرى ئېيتقىنىمىزدەك، ئىستراتېگىيە — ئىشلارنى پەرقلىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش بىلەن، ئۆز شىركىتىڭىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقا شىركەتلەر ئوغرىلىۋالالمايدىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىشىڭىزغا ئالاقىداردۇر. ئىستراتېگىيە ھەرگىزمۇ شۇ پەيتتىكى ئالقىشقا ئېرىشكەن ئۈنۈملۈكلۈككە، ياكى چىقىم تېجەش ئۇسۇللىرىغا ئالاقىدار ئەمەس.

بىز ئۆز ھاياتىمىزدىمۇ بەزىدە ئىستراتېگىيەنىڭ ئورنىغا تاكتىكا ئىشلىتىمىز. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىمىزنى ئايىقى چىقماس ئۇششاق ئىشلارنىڭ ئارىسىغا مەھكۇم قىلىپ قويغىنىمىزدا، «مەن ئىستراتېگىيە بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىمەن، ياكى مۇئەييەن بىر يول بويىچە ئىلگىرىلەۋاتىمەن» دېگەندەك ئويلار بىلەن ئۆزىمىزنى گوللايمىز. ئىشلارنى ئارقىغا سۈرەش ياكى ۋە ھاياتىمىزنى تەرتىپكە سېلىش — ئىستراتېگىيىلىك كۆز بوياشنىڭ شەخستە ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئەتىنىڭ تەلەپلىرىنى ئۈنتۇش دەرىجىسىگە كەلگۈدەك ھالدا بۈگۈننىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىش ئاسان. (بۈگۈن بىلەن بەنت بولۇپ، ئەتىنى ئۇنۇتساق) ئەتە كەلگىنىدە، ئەتىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىش ياكى ئەتىنىڭ پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆزىمىزنى تەييارلىقسىز ھالەتتە كۆرىمىز. بۇ مەسىلىنىڭ بىر قىسمى بارچە تاللاشلارنى ئوچۇق تۇتۇش ئارزۇسىدىن مەنبەلىنىدۇ.

### ئىستراتېگىيىلىك ماسلاشماسلىق

ئىستراتېگىيىنىڭ رېلىستىن چىقىشىنىڭ ئىككىنچى يولى خاتا ماسلىشىشتۇر. نىشانى بار ھەر قانداق مۇرەككەپ گەۋدىدە، خىزمەت بۆلەكلىرى چوقۇم ماسلىشىشى كېرەك. ئىستراتېگىيىدە بەزىدە ئىچكى قىسمىدىكى، تاشقى قىسمىدىكى، ۋەياكى تەدرىجىي داۋاملىشىش جەريانىدىكى ماسلاشماسلىقنى بايقايمىز.

ئىچكى ماسلاشماسلىقلار شىركەتنىڭ ماتورىنى تەشكىل قىلىدىغان پارچىلار ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. كىشىلىك ھاياتىمىزمۇ مۇشۇ پرىنسىپقا دۇچ كېلىمىز. بىز بىر ئىستراتېگىيەنى تۈزىمىز، پەقەت ئۆزىمىز تۈزگەن ئىستراتېگىيىنىڭ ئۆز ئىچىمىزدىكى توسالغۇلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئىچكى ماسلاشماسلىق ئىقتىدارلىرىمىزنىڭ، مەقسەتلىرىمىزنىڭ ۋە تايانچ كۈچلىرىمىزنىڭ ماسلاشمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىستراتېگىيە — قىممىتى بار نىشانلارنى بەلگىلەپ، ئاندىن بۇ نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىشىشتىن كۆپ چوڭقۇردۇر.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، تاشقى ماسلاشماسلىق ھېچبىر ئالامەتسىز كۆرۈلمەستىنلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تاشقى مۇھىتتىكى ئاستا ئۆزگىرىش ئىستراتېگىيىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلگەندە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز، ئىستراتېگىيىمىزنى بۇنىڭغا بىنائەن ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، ئۆزىمىزنى رېئاللىق بىلەن مۇۋازىنەت قۇرالمىغان ھالەتتە بايقايمىز.

ئىلگىرى بىز بايان قىلغان ئەسكىرىي ئۆرنەكلەر دائىملا ئىچكى ماسلىشىش ئىزدىنىشىنىڭ قانداق قىلىپ تاشقى ماسلاشماسلىق بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

گېنىراللار ئادەتتە «ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش بولغانغا قەدەر ئۇرۇشقا كىرمىگەنلىك» بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. بۇ خىل ئەيىبلەشنىڭ ئازغىنە توغرىلىق تەرىپىمۇ بار. ئۇرۇشلار ئارىسىدىكى دەۋرلەر ئادەتتە ئەسكىرىي ئاپپاراتلار ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك تۇرغۇنلۇق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئىستراتېگىيىلەر ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى قانداق مەسىلە يۈز بەرگىنىگە قارايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن نادىر ئەھۋالدىن باشقىسىدا كەلگۈسىنى ھېسابقا قاتمايدۇ، بولۇپمۇ تېخنولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتە شۇنداق.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدا مىلتىق ئاساسىي جەھەتتىن ئوق-دورا قورالىنىڭ ئورنىنى ئالدى. مىلتىق ئوقىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان ئوق-دورىمۇ ئۆزگەردى. ھەر ئىككى تەرەپ مىلتىق ئارقىلىق بىر-بىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشتى.

ئەللىك يىلدىن كېيىنكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپالىقلار ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىپ بالايىئاپەتلىك مەنزىرىلەرنى ياراتتى.

ئىستراتېگىيىلىك ماسلاشماسلىق، ھەر قانداق ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەت بېرىش ھالىتىدە بولماي تۇرۇپ نۆۋەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشقا كۈچەشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مەۋجۇت مەنبەلەرگە ۋە خادىملارغا تاكى ئۇلار كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا كەلگەنگە قەدەر بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ۋەزىپە بېرىلىدۇ.

خۇسۇسىي ھالەتتە، بىز خىزمەتتە ئۆزىمىزگە ئوخشىمىغان تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى بايقىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل نورمىدىن سىرتقى مەسئۇلىيەتلەر شىركەتنىڭ ئەسلى نىشانىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسئۇلىيەتلەر بىزنىڭ ۋاقتىمىزنى قىسلاشتۇرۇپ، كۈچىمىزنى خورىتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى مەنزىلى ئېنىق كېمىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە (نىشانى ئېنىق بولمىغان) قالايمىقانچىلىق ئىچىدە كۆرىمىز.

**ئىستراتېگىيىگە قارشى ئامىللار**

توغرا ئىستراتېگىيىگە قارشى ئورا كولايدىغان ئامىللار ئارىسىدا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراش، باشلىقلىقنى پەش قىلىپ ئىستراتېگىيىنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇش، ئۆزگە بەك ئىشىنىپ كېتىش، مەسىلىگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ كەمچىل بولۇشى، «قىلىپ چاڭ چىقىرىۋېتىمىز» پوزىتسىيىسىدىكى «قالتىس پىكىرلىك» ئىنسانلارنىڭ تەسىرى قاتارلىقلار مەۋجۇت.

«كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراش» ئۇقۇمى — كۆپچىلىكنىڭ قىممەت قارشى توغرا، ياخشى، ئەگىشىلىشى لازىم، دەپ قارايدىغان چۈشەنچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رەھبىرىي قاتلام ئەزالىرىنى ئوخشاش ئويلاشتا ۋە شىركەتنىڭ ئاساسىي لېنىيە رىلىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە مەجبۇرلايدىغان ئورگانلاردا كۈچلۈك قورال بولالايدۇ. «كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراش» ھادىسىسى ئەركىن پىكىر-تەپەككۇرنى «بولمايدۇ» دەپ قوبۇل قىلماسلىق بىلەن نابۇت بولىدۇ، خاتا پىكىرلەرگە پارنىك بولۇپ كۈچەيتىدۇ.

«كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراش» — بىر گۇرۇپپا ئىچىدىكى ھەددىدىن ئاشقان بىردەكلىكنىڭ يامان نەتىجىسىدۇر.

توغرا ئىستراتېگىيىگە ئورا كولايدىغان ئىككىنچى ئامىل، «باشلىقلىقنى پەش قىلىش»نىڭ نەتىجىسى بولغان يېتەرسىز بىردەكلىكتۇر.

بىر ئورگاننىڭ (شىركەت، كارخانىنىڭ) ئىش-ھەرىكىتى ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيىلىك نەتىجە بېرىدىغان ئەقلىي، ئىنچىكە ھېساب-كىتاب بىلەن قىلىنغان قارارلاردىن بەكراق، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت ۋە سودىلىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە لىدىلار ئورتاق نىشانغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ نىشانغا قانداق يېتىش جەھەتتە ئوخشىمىغان پىكىرگە ئىگە بولۇشى مۇقەررەر. بۇ ھال كۈچ سودىلىشىشىغا يول ئاچىدۇ. ئاقىۋەتتە شىركەتنىڭ سودا-تىجارىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

بۇ خىلدىكى ئىچكى سىياسەت 1912-يىلىدىن ئېتىبارەن «رەقەملىك مەھسۇلاتلار شىركىتى»دە (DEC) يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشكە ياردەمچى بولىدۇ. مەزكۇر شىركەت ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ دىققەت مەركىزىنى قەيەرگە قارىتىش ھەققىدە ئىستراتېگىيىلىك قارار چىقىرىشقا دۇچ كەلدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى يۇقىرى دەرىجىلىك شىركەت رەھبەرلىرىدىن ئورتاق قارار چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئورتاق بىر كېلىشىش ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئاقىۋەتتە، ئىستراتېگىيەگە زىت بىر قارار ئېلىنىش نەتىجىسىدە شىركەت ئۆز كۈچىنى يوقىتىش يۈزلىنىشىگە قاراپ ماڭدى.

ياخشى ئىستراتېگىيىنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان ئۇچىنچى ئامىل ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىشتۇر. يەنى، ئۆزىمىز چىقارغان ھۆكۈمنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال ھەققىدىكى بىلىمىمىزنى بەك ئۈستۈن ئويلىۋېلىش مايىللىقىدۇر. بىز يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىنىمىزدا كۆپ ئانالىز قىلىپ ئولتۇرمايلا ئۇ ئۇچۇرغا ئىشىنىشكە مايىللىق بىلدۈرىمىز.

بۇلارنىڭ ھەممىسى دىققەتنىڭ مەركەزلىشىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئىستراتېگىيىلىك سەۋەنلىككە يول ئاچىدۇ. بۇنىڭغا زىت ھالدا، ئىستراتېگىيىلىك سەۋەبلىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. تەشەببۇس قىلىنغان ئۆزگىرىشلەر «ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى روياپقا چىقىرىش» سۈپىتىدە كۆرىلىدۇ ۋە شۇ كۈنلەردە مودا بولغان شوئارلار بىلەن بېزىلىدۇ.

بۇ خىل يامان نەتىجىنىڭ ئىشارىتى — بىر شىركەتكە «ئىشلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش» ئۈچۈن بىرىنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى خەۋىرىدۇر. بۇ قارىماققا ناھايىتى مەنتىقىلىقتەك ئاڭلانسىمۇ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە زىيانلىق. بۇ ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققان پەرەز تامامەن خاتا.

(مەقسىتىمىزنى چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن) ماركىتىڭ ساھەسىدىن بىر ئۇقۇم ئارىيەت ئېلىشقا توغرا كەلسە، «ماركا قىممىتى» نى «كېڭەيتكىلى بولمايدۇ». ئۇنى پەقەت سۇسلاشتۇرغىلى بولىدۇ. كوكاكولا

شىركىتى نۇرغۇن قېتىم ئۆزىنىڭ ماركا قىممىتىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئاقىۋەتتە بايقالغىنى كوكاكولا ماركىسىنىڭ «سوغۇق ئىچىملىك» مەنىسىگە ماسلاشقانلىقى، باشقا ھەر قانداق مەنىگە ماسلاشمايدىغانلىقى بولدى.

يامان پىكىرلەر مەشرۇئىيەت تۇيغۇسى بېرىش ئۈچۈن «ئىستراتېگىيىلىك كۆرۈنىدىغان» تىل ئىشلەتكەندە ياكى سودا تارىخىدىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەشتىن ئاجىز كەلگىنىمىزدە دىققەتنىڭ چېچىلىشى مەيدانغا چىقىدۇ.

**ۋالمارتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقى**

2005-يىلى ئاپرېلدا ۋالمارت بىر سېتىش دىرېكتورىنى ئىشقا قويدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ۋالمارت ئۆزىنىڭ «ئىشلارنى ئوڭدا-دومدە قىلىشى ئۈچۈن» شۇنداق قىلغان. سەككىزىنچى ئايدا ۋالمارت بىر مىليون دوللار پۇل خەجلەپ «Vogue» دىكى ئېلان تاختىسى ئورنىنى سېتىۋالدى. بۇ ھال ۋالمارت ماركىسى ۋەكىللىك قىلغان بارچە قىممەت قاراشلارغا خىلاپ بولغان ئىدى.

بۇ خاتالىقتىن كېيىن، ۋالمارت داۋاملىق يېڭىلىق قوزغاپ دەرىجىدىن تاشقىرى سودا-سېتىق مەركىزى قۇردى، دۇكانلارنى يېڭىدىن بېزىدى، مال جاھازىلىرىنى رەتلىدى، يېڭى-يېڭى مەھسۇلاتلارنى بازارغا سالدى. قىسقىسى، تېخمۇ باي ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن يېڭى-يېڭى يۈزلىنىشلەر ياراتتى. ۋالمارت ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ ئاستىلىشىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مال باھالىرىنى ئۆستۈردى.

ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان بىر شىركەتنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقى ۋالمارتنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە ئەسلى نىشانىدىن قېيىپ كېتىش خاتالىقىغا چۈشكەنلىكىدىن بولغان. ۋالمارتنىڭ «ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ياشىيالىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۇل يىغىشىنى روياپقا چىقىرىش پىرىنسىپى بۇ خىل ئېگىز-پەس ئۇرۇنۇشلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى.

**ئىستراتېگىيىلىك يامان نەتىجىدىن ساقلىنىش**

بۇ لېكسىيەدە بىز تەھلىل قىلغان كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراش، باشلىقلىقنى پەش قىلىپ ئىستراتېگىيىنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇش، ئۆزگە بەك ئىشىنىپ كېتىش، مەسىلىگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك يامان نەتىجىلەر — سىرتتىن قارىماققا — ئوچۇقلا خاتا يېتەكلەنگەن قارارلارنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ خىل ئىستراتېگىيىلىك يامان نەتىجىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىز چوقۇم ئۆز يولىمىزدا باتۇرلارچە مېڭىشىمىز، بۇنىڭغا تەھدىت سالىدىغان ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەرگە قارشى دىققىتىمىزنى مەرزكەشتۈرۈشىمىز، كۆزىمىزنى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىزدىن ئايرىماسلىقىمىز لازىم.

**تەۋسىيەلىك كىتابلار**

دى بونى: «بەك كېچىكىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئويلان!»

فېينبېرگ ۋە تارانت: «دانا كىشىلەر نېمىشقا ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ»

ئاھلىنىستراند ۋە لەمپېل: «ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما زەربە»

راملىت: «ياخشى ئىستراتېگىيە ۋە ناچار ئىستراتېگىيە»

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار**

1. سىز جەزمەن كاللا ئىشلىتىپ تۇرۇپ تاكتىكا بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئادەتتىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن كىشىلەرنى تونۇيدىغانسىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى — بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئىستراتېگىيىلىك ئويلاشنىڭ ئورنىغا، ۋەزىپە ئورۇنداشنى نىشان قىلغان تاكتىكىلارنى قوللىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۆز پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلىڭىزنى تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزىڭىزنى تەپسىلىي مەشغۇلاتلارنىڭ ئىسكەنجىگە تاشلاپ قويىدىغان قويمايدىغانلىقىڭىزغا نەزەر سېلىڭ. ئەگەر مۇشۇنداق ھالەتتە بولسىڭىز، بۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.

2. ئومۇمىي سۈپەت باشقۇرۇشى ۋە ئىستراتېگىيىسى بۇ دەرستە ياخشى باشقۇرۇش چارىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھەقىقىي ئىستراتېگىيە ئەمەس. ئۆزىڭىزنىڭ كارخانىسىدىكى مۇشۇ خىل باشقۇرۇش قوراللىرى ھەقىقىي ئىستراتېگىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىۋالغان ئېلىۋالمىغىنىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. بۇ ئۇسۇللارنى ئېنىق بىلىۋېلىڭ ۋە كارخانىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەڭ.

3. ھەقىقىي ئىستراتېگىيە خەتەرنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ۋە جەسۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. چارىلەر — مەيلى كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن، ياكى سودا دۇنياسىدا بولسۇن — بىزنى راھەت ئورۇنباسار بىلەن تەمىنلەيدۇ. نېمە قىلىشنى تاللاش — نېمە قىلماسلىقنى تاللاشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. نېمە قىلماسلىقنى تاللاش ئارقىلىق مەنبەلەر بارچە ئىنسانلار ئۈچۈن ھەخىل خىزمەت قىلىش يولىدا ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدۇ. شەخسىي ئىستراتېگىيىلىك پىلانىڭىزنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن قانداق قۇربانلىقلارنى بەردىڭىز؟ ئەگەر جاۋابىڭىز ياق بولسا، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى پوزىتسىيىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى دېمەكتۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

خەلقئارا ۋەزىيەت

# خىتاينىڭ يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چەكلەش



گرەنت رۇملىي، ئارۇن زېلىن

# خىتاينىڭ يېڭى سۇرىيە ھۆكۈمىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چەكلەش

گرەنت رۇملىي، ئارۇن زېلىن

خىتاي ئۇيغۇر قوراللىقلىرىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، شۇنداقلا يېڭى سۇرىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈمىدى سەۋەبلىك دەمەشقتىكى يېڭى رېئاللىققا تېزلا ماسلاشتى.

بەشار ئەسەد رېجىمىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى پەقەتلا سۇرىيەنى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنى ئەمەس، سۇرىيەدە نوپۇزغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەسلىشىۋاتقان بىر قاتار سىرتقى كۈچلەرنىڭ سۇرىيەدە ئوينىماقچى بولغان ئويۇنلىرىنىمۇ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. سۇرىيەدە كۈچكە ئىگە بولۇشقا تىرىشىۋاتقان تاشقى كۈچلەر ئىچىدە بەشار ئەسەد ھاكىمىيىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۆزىنى سۇرىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىپ كەلگەن خىتايمۇ بار. خىتاي بەشار رېجىمى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشىنىڭ نەتىجىسىدە، 2011-يىلى بەشار ئەسەد رېجىمىغا قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭغا قاتناشقان قوراللىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بەشار ئەسەد رېجىمى بىلەن خىتاينىڭ دوستلۇق ھالىتى 2024-يىلى 12-ئايدا ئاخىرلاشتى. خىتاي باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش يېڭى سۇرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن قايتىدىن تەڭشەشكە تىرىشماقتا. ئەسەد تەختتىن چۈشۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ئەھۋالدىن «ناھايىتى ئەنسىرەۋاتقانلىقى»نى، «تېررورىستلارنىڭ، ئاشقۇنلارنىڭ تۇپىلاڭدىن تۇغاچ ئوغرىلىشى»غا قارشى جىددىي تەدبىر ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. ھالبۇكى، بۇ گەپ بولۇنۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ۋاڭ يى خىتاي ئەلچىسى شى خوڭ ۋېيىنى سۇرىيە رەھبىرى ئەھمەد شارا بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. خىتاي رەھبەرلىرى ھەم سۇرىيەنىڭ بېيجىڭ ئۈچۈن مۇھىملىقىغا، ھەم ئامېرىكانىڭ لىۋاندىكى مەنپەئەتىگە خىتاينىڭ قول سوزۇشى مۇمكىنچىلىكىگە قارشى ئامېرىكانىڭ

دىققىتىنى قوزغاشنى تەڭ روياپقا چىقىرىدىغان شەكىلدە ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتىكى ئېلاستىكلىقلىقىنى نامايەن قىلدى.

## خىتاينىڭ سۇرىيە مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيە ئۆزگىرىشى

بەشار ئەسەد تەختتىن چۈشۈشتىن يىللارچە ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇل-كېسىل رەۋىشتە بەشارنى قوللايدىغانلىقىنى ھەر خىل نۇقتىدىن نامايەن قىلىپ تۇردى. خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا 2011-يىلىدىن بېرى قوللانغان 14 قېتىملىق بېلەت تاشلاشنىڭ سەككىز قېتىملىقىدا رۇسىيە بىلەن بىرلىكتە سۇرىيەنى قوللاش يولىنى تۇتتى.

خىتاينىڭ 2023-يىلى بەشار ئەسەدنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭدا كۈتۈۋالغان بولۇپ، بۇ زىيارەتتە بەشار ئەسەد شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە «خەلقئارالىق ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى بىرلىكتە قوغداش» كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى سىياسىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ بارغان تۈزىتىش ئىدى. 2010-يىلى «ئەرەب باھارى» ھەرىكىتى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا شەرقتە پارتلىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ نامايىشنى قوللاشقا ياتىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى مايىللىقتىن ئۆزاق تۇردى. ئەكسىچە، خىتاينىڭ ئۆزۈن مۇددەتتىن بېرى تۇتۇپ كېلىۋاتقان «باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» ۋە «مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى قوللاش» پرىنسىپىنى ئوچۇق-ئاشكارە جاكارلىدى. خىتاينىڭ بۇ سىياسىتى خىتاينىڭ ئۆز تېررىتورىيەسى تەۋەسىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشگە بولغان قورقۇنچى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان.

لىۋىيەدىكى تەرەققىياتلار خىتاينىڭ بۇ ئۇسلۇبىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىناق قىلدى. 2011-يىلى مارت ئېيىدا خىتاي ناتونىڭ مۇئەممەر قازافى رېجىمىگە قارشى تۇرۇشقا دەستەك بولىدىغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ 1973-نومۇرلۇق قارارىنىڭ ماقۇللىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاۋاز بېرىشتە قارشى پوزىتسىيە تۇتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا خىتاي شىركەتلىرى مىليونلارچە دوللار زىيان تارتتى. خىتاي ھوقۇقدارلىرى (لىۋىيەدە ياشاۋاتقان) ئوتتۇز مىڭ خىتاي پۇقراسىنى لىۋىيەدىن قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتى بۇ ئىش بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن سۇرىيە

هۆكۈمىتىگە پۇقرالارغا قاراتقان ھۇجۇمنى توختىتىش چاقىرىقىپ قىلىش قارارى ئالغاندا، خىتاي بۇ قارارغا قارشى چىقتى.

خىتاينىڭ ئەسەد رېجىمىنى قوللاشتىكى يەنە بىرى مۇھىم سەۋەب، بەشەر ئەسەدكە بېرىلگەن زەربىنىڭ ئاقىۋەتتە خىتايغىمۇ تۇتىشىش مۇمكىنچىلىكى ئىدى. سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشى باشلىنىشتىن يىللار ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن نامايىش ۋە مىللىي توقۇنۇش يۈزلەرچە كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى باستۇرۇشتىن كېيىن ئون مىڭلارچە ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندىن ئافغانىستان، پاكىستان، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىگە قوشۇلدى، يەنە بىر قىسمى دائىشقا قوشۇلدى. ئاخىرىدا، بۇ تەشكىلاتلار ئەسەدنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا، تەشكىلاتقا تەۋە قوراللىق ئۇيغۇر جەڭچىلىرىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئۇيغۇرلار سانىنىڭ بىر نەچچە مىڭ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىنىدۇ.

2015-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قوراللىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن «قانۇنسىز يوللار» ئارقىلىق چىققانلىقى، سۈرىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە «تېرورلۇق تەربىيىسى» ئالغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. 2016-يىلىغا كەلگەندە بولسا خىتاي ۋە سۈرىيە ئەمەلدارلىرى بۇ ئۇيغۇر جەڭچىلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئايلىق ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەش يىغىنلىرىنى چاقىردى. خىتاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇيغۇر جەڭچىلەر ئۆز ۋەتىنىگە (يەنى شەرقىي تۈركىستانغا) قايتىش ۋە ئىچكى تەھدىت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. راستتىنلا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلەر سۈرىيەدە ئېرىشكەن ئۇرۇش تەجرىبىرىنى خىتايغا قارشى ئىشلىتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىشكەن ئىدى.

### خىتاينىڭ يېڭى سۈرىيەدىكى مەنپەئەتلىرى

بەشار ئەسەدنىڭ يىقىلىشى دەسلەپتە خىتاينىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۆكتىچى قوراللىقلار بەشار ئەسەدنى ئۆز ئالدىغىلا ئاغدۇرۇۋەتمەستىن، بۇ ئاغدۇرۇشقا ئۆز سېپىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىمۇ قاتناشتۇرغان ئىدى. بۇ جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى نۆۋەتتە يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتىدە كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە، بۇ جەڭچىلەرنىڭ بىر نەچچىسى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە ھەربىي ھوقۇقتا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋە كاۋكازىيەدىن كەلگەن جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەھمەد شارانىڭ قوغدىغۇچىلار بىرلىكىدە ئورۇن ئالغانلىقىمۇ سۆزلەنمەكتە.

خىتاي بۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېڭى ھۆكۈمەتكە قارىتا ئىككى خىل يېقىنلىشىش يولىنى تۇتتى. خىتاي بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى ئەيىبلىدى. يۇلتۇز 12 ـ ئايدا خىتاي بۇ ئۇيغۇر جەڭچىلەرنى ئۆزلۈك ـ كېسەل بىتچىت قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەر بىلەن تېرورغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقى ئورنىتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. مارت ئېيىدا بولسا سۈرىيەنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىدىن «ئۆلارنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىنى» ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بىلەن مۇجادەلە قىلىش ئۈچۈن قەتئىي تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

خىتاي يەنە بىر جەھەتتىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ 2254 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوللىدى. بۇ قارار سۈرىيە لىدىرلىقىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش جاقىرىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان قارار ئىدى. ھالبۇكى، خىتاي ئىلگىرى 2254 ـ نومۇرلۇق قارارغا قايتۇرغان ئىجابىي ئىنكاسىدا، بەشار ئەسەد رېجىمى بىلەن «ھەمكارلىق»نى داۋا قىلىش چاقىرىقىدا بولغان، بىرىنچى ئايدىكى چاقىرىقىدا بولسا 2254 ـ نومۇرلۇق قارارنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئۆزگىرىش چاقىرىقى قىلدى.

### ئەھمەد شارانىڭ تەڭپۇڭ قەدەم ئېلىشى

سۈرىيە ئىنقىلابچىلىرى پايتەخت دەمەشقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سۈرىيەنىڭ يېڭى ئەمەلدارلىرى خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ دىپلوماتىك ھەرىكەتلەرگە ئۆتتى. مۇشۇ ماقالە يېزىلغانغا قەدەر سۈرىيە يېڭى رەھبەرلىرىنىڭ چەتئەل دىپلومات ۋە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن قېتىم سانى ئالتە يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ دىپلوماتىك كۆرۈشۈشنىڭ پەقەت تۆتىلا خىتاي بىلەن بولدى.

يېڭى سۈرىيە رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي سودا ھەيئىتى بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەمەلگە ئاشتى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باش ئەلچى شى سۈرىيە رەئىسى ئەھمەد شارا ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەسەد شايبانى بىلەن كۆرۈشتى. 3 ـ ئايدا باش ئەلچى شى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەسەد شەيبانى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، باش ئەلچى شى «خىتاينىڭ سۈرىيەنىڭ ھاكىمىيىتىگە، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى» بايان قىلدى. خىتاي تەرەپ ئۆزىنىڭ

سۈرىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇت ھالەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

سۈرىيە دېھقانچىلىق مىنىستىرى بىلەن سۈرىيە-خىتاي ھەمكارلىق جەمئىيىتىدىن بىر ھەيئەت ئارىسىدا 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى مەبلەغ سېلىش پۇرسەتلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇل مۇئەسسەسە ئىستراتېگىيىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى يېڭىدىن قۇرۇشقا ۋە سودا مەنپەئەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بۇ يېڭى تىرىشچانلىقلار خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ 2021-يىلى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ، تالىبانىنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىن كېيىن ئېلىپ بارغان (سىياسىي ۋە دىپلوماتىك) ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش ھەرىكەتنىڭ ئوخشىشىنى سۈرىيەدىمۇ ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تالىبانىنىڭ ئۆتمۈشتە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بىلەن كۈچلۈك ھەمكارلىقى بولغانلىقىغا قارىماي، تالىبان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن بېرى خىتاي باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتكە قارىغاندا ئافغانىستان بىلەن ئەڭ كۈچلۈك مۇناسىۋەت ھالىتىدە بولۇپ كەلدى. خىتاينىڭ تالىبان بىلەن بۇ دەرىجىدە ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇشقا كۈچەپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئافغانىستاندىن خىتايغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن بولىدىغان تەھدىتلەرنىڭ سۈرىيە ياكى باشقا ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن كېلىدىغان تەھدىتكە قارىغاندا قاتمۇقات يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. تالىبان خىتايغا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئافغانىستانىنىڭ تاشقى كۈچلەرگە زەربە بېرىشتىكى ئۆتكۈنچى نۇقتىسى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە يېنىش يېنىشلاپ كاپالەت بەردى. ئافغانىستاندىكى خىتاي دىپلوماتلارنى ۋە سودىگەرلەرنى نىشان قىلغان ئاتالمىش ئىسلام دۆلىتى خۇراسان شۆبىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان زەربىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە تالىبان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئافغانىستان زېمىنىنى خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل مەۋجۇت ئەمەس.

سۈرىيەنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ھەيئەت تەھرىر شام (شامنى ئازاد قىلىش ھەيئىتى) تەشكىلاتىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى تالىبانغا سېلىشتۇرغاندا ئاشقۇنلۇقتىن بەكراق يىراق. يېڭى سۈرىيە ھاكىمىيىتى سۈرىيە تۇپرىقىدىكى ئۆزى بىلەن بىر سەپتىكى چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ھەربىي ھەرىكەت قوزغىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان قىزىل سىزىق سۈپىتىدە كۆرىدۇ. مەسىلەن، 14-يانۋار كۈنى مىسىر پرىزىدېنتى ئابدۇلفەتتاھ سى سىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلغان سۈرىيەدىكى بىر مىسىرلىق جەڭچى يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

ئالدىنقى ئايدا تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پاتىيىسى» دېگەن كونا ئىسمىنى قوللىنىدىغانلىقى ۋە دىققىتىنى پەقەت شەرقىي تۈركىستانغىلا قارىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر جاكارنامە ئېلان قىلدى. مەزكۇر قوراللىق گورۇھ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرىكى يىگىرمە يىلدەك ۋاقىتتا تالىبان ۋە ھەيئەت تەھرىر شام تەرىپىدىن ياقتۇرىلىدىغان خەلقئارا جىھادچىلىق مودېلى دائىرىسىدە ئىدى. مەزكۇر گورۇھنىڭ ئىسىم ئالماشتۇرۇشى شەكسىز رەۋىشتە خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلىدۇ.

## سىياسىي ئىشارەتلەر

خىتاينىڭ يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرى ھازىرغا قەدەر نىسبەتەن ئاز بولغان بولسىمۇ، خىتاي يېڭى ھۆكۈمەتتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە بولغان ئەندىشىسگە قارىماي، يېڭى سۈرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش ئارزۇسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر ئامېرىكا يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىلىمان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرسا، خىتاينىڭ سۈرىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش ئارزۇسى تېخىمۇ ئاسان ئەمەلگە ئاشىدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن نەزەر سالغاندا، رۇسىيە كونا سۈرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە خىتايدەك ئىقتىسادىي تەسىرى يوق. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك 14 يىللىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن سۈرىيەنىڭ ئىقتىسادقا ۋە دۆلەتنى قايتا قۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجى بولغان پەيتتە تېخىمۇ شۇنداق.

ئامېرىكا خىتاينىڭ سۈرىيە بىلەن يېقىنلىشىۋالىدىغان بوشلۇق مۇمكىنچىلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەھمەد شارا ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۈرىيەگە قويغان جازالارنى يېنىكلىتىشكە ئالاقىدار بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشى لازىم. بۇنداق قىلىش يېڭى سۈرىيە ھۆكۈمىتىنى غەربكە يېقىنلىششقا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، خىتاينىڭ بىر مۇھىم ئوتتۇرا شەرق دۆلىتىدە مۇقىمسىزلاشتۇرغۇچى قەدەم ئېلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.washingtoninstitute.org/policy-analysis/curbing-chinas-influence-new-syrian-government



# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەممەتىلىك ئالىم جامال قارشى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەممەتلىك ئالىم جامال قارشى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن مۇنبەت ئىلى ۋادىسىنى باش مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى ھىجرىيە 628 ـ يىلى رامىزاننىڭ 5 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1231 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل كۈنى ھازىرقى ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمىي يۇرت ئالمالىقتا ئەسلى بالاساغۇنلۇق ئۇيغۇر ئالىمى ھاپىز مۇھەممەد ھەزرەت ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى ھازىرقى ئىرانغا تەۋە بولغان مەرۋە دىيارىدا سەلتەنەت سۈرگەن توققۇز ئوغۇزلار گورۇھى ئىچىدىكى مۆتىۋەر بىر ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدى. ئالمالىق شەھىرى 1224 ـ يىلى قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ باش سىياسىي مەركىزى ئىدى.

جامال قارشى ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە كىچىك تۇرۇپلا ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك دىنىي پېشۋاسى زەھىرۇددىن ئەشرەف ئىبنى نەجىب ئەل كاسانى ھەزرەتنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇ تاكى مىلادىيە 1248 ـ يىلىغىچە مەزكۇر كىشىنىڭ قولىدا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن. 1249 ـ يىلى ئۇستازى ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ بۈيۈك دىنىي پېشۋاسى دەپ تەرىپلەنگەن مەشھۇر دىنىي ئالىمى شەيخ بەدرىددىن مۇھەممەد ئەل فاراھىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

مىلادىيە 1242 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، بىر پۈتۈن چاغاتاي خانلىقى نۇرغۇن خانزادىلەر ئارىسىدا تالاشتا قالغان. مۇسۇلمان بولۇش ئىستىكىدىكى خانزادىلەر چىڭگىزخاننىڭ شامان ئېتىقادىغا سادىق بولۇشتا چىڭ تۇرغان خانزادىلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىغا تايانغان. ئەنە شۇ خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، خانلىق ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ توغرۇلغان ( قارچۇغا خان ) نامى بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىغان خانزادە بۇزارنىڭ ئوغلى سۇغناق تېكىن ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئىلىم ۋە ئەخلاقتا خانلىق بويىچە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ياش ئالىم جامال قارشىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى ئارزۇلۇق ئوغلى ئىلبۇتار ۋە كەلگۈسىدىكى كېلىنى بۇلغۇن بېكەگە ئائىلە ئۇستازى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇلغۇن بېكە چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچىنىڭ قىزى بولۇپ، جوچىنىڭ جەسۇر ئوغلى باتۇخان 1236 ـ يىلى يازدا ھازىرقى جەنۇبىي رۇسىيە ۋە شىمالىي قازاقىستان تەۋەسىدە قۇرۇپ چىققان ئالتۇن ئوردا خانلىقى

چاغاتاي خانلىقى بىلەن رىقابەتتە ئىدى. شۇڭلاشقا، چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان خانزادىلەر شامان خانزادىلەرگە قارشى سىياسىي كۈرەشتە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن ياردەم قىلىشقان ئىدى. چۈنكى، باتۇخان گەرچە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ دانا ئۇكىسى بەركەخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى قوللاپلا قالماي، يەنە تېخى ئۇنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئالتۇن ئوردا خانى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. مۇشۇ ۋەجىدىن سۇغناق تېكىن ئۆز ئوغلىنى جۇچى خاننىڭ ئاررۇلۇق قىزى بۇلغۇن بېكە بىلەن ئۆيلەندۈرۈش يولى ئارقىلىق ئارقىلىق، چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى نوپۇزىنى كۈچەيتمەكچى بولغان ئىدى. چۈنكى، بۇلغۇن بېكە ئالتۇق ئوردا خانى باتۇخاننىڭ سىڭلىسى ئىدى.

مىلادىيە 1241 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بۈيۈك موڭغۇل قاغانى ئۆگەدەيخان تۇيۇقسىز قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى چاغاتايمۇ 1242 ـ يىلى شارابنى جىق ئىچىۋېلىش سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ئۆلگەن. بۇلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن تەڭلا ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن چاغاتاي خانلىقى مەركىزىي قاغانلىقتىن مۇستەقىل ئىش كۆرۈشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان يېڭى موڭغۇل قاغانى كۈيۈك خان ئۆزىنىڭ چوڭ تاغىسى باتۇخانغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىچكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. كۈيۈكخان 1248 ـ يىلى باتۇخانغا قارشى غەرپكە يۈرۈش قىلىۋاتقىنىدا يول ئۈستىدە چۆچەكتە قازا قىلغان. قىزىق يېرى، ئۆگەدەيخاندىن كېيىن تەختنى ئۆگەدەيخاننىڭ خوتۇنى تۆرەكىنا خاتۇن ( كۈيۈكنىڭ ئانىسى ) تولۇق بەش يىل ئىگىلەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، كۈيۈك خاننىڭ تەختىنىمۇ خوتۇنى ئوغۇل قايمىش تۆت يىلدەك ئىگىلەپ ياتقان. بۇ خوتۇننى باتۇخان 1251 ـ يىلى يازلاردا ئاغدۇرۇپ، قاغانلىق تەختىنى ئۆگەدەي جەمەتىنىڭ قولىدىن تولۇي جەمەتى قولىغا ئېلىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا تولۇينىڭ تۆت ئوغلى مۆڭكۇخان، قۇبلايخان، ئارىق بۇقا ۋە ھىلاكۇلار ھەممىسى باتۇخاننى ئىنتايىن چوڭ بىلگەن ۋە قاتتىق ھۆرمەتلىگەن. شۇ ۋەجىدىن باتۇخان بوۋىسى چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئەڭ كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە بۈيۈك ھۆكۈمدارغا ئايلانغان.

باتۇخان ھايات ۋاختىدا تولۇي جەمەتىنىڭ سىياسىي تەسىرى ھازىرقى ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇل تەۋەسى بىلەن خىتايدىلا كۈچلۈك ئىدى. لېكىن، 1255 ـ يىلى باتۇخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۆڭكۇخان باتۇر ئىنىسى ھىلاكۇنى غەربىي ئىسلام دۇنياسىنى تولۇق ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ، شىمالدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ نوپۇزىنى غەربىي ئاسىيادا چەكلىمەكچى بولغان. ھىلاكۇ شۇ يىلىلا غەربكە يۈرۈش قىلىپ، 1256 ـ يىلى قورقۇنچلۇق ئالامۇت قەلئەسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، 1258 ـ يىلى 2 ـ ئايدا باغداتنى ئىشغال قىلىپ، بەش ئەسىرلىك ئابباسىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغان. دەل مۇشۇ چاغدا ھازىرقى خىتاي سىچۈەندىكى دايۈي تېغىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۆڭكۇخانغا ئوق تېگىپ 1259 ـ يىلى قازا قىلغان. بۇ ۋەقە مەركىزىي ئاسىيادا يۈز يىللىق داۋالغۇشقا سەۋەب بولغان. ئالىم

جامال قارشىنىڭ ئالمالىقتىن قەشقەرگە سۈرگۈن قىلىنىش ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ دەل مۇشۇ يەردىن باشلانغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان قاغانلار ۋە خانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن شامان ئېتىقادلىق خانزادىلەر مۆڭكۈخاننىڭ ئىنىسى ئارىق بۇقىنى يېڭى قاغان قۇبلايغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان. ئارىق بۇقا 1260 ـ يىلىدىن باشلاپ يايلاقتا كەڭ كۆلەمدە ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان. گەرچە قۇبلايخان ئۆز ئىنىسىنىڭ موڭغۇلىيەدە تەخت تالىشىش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈشكە هازىرلىنىۋاتقان مەلۇماتلارنى دەل ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنىڭغا مەلۇم بىر مەزگىل سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى، بۇ چاغدا قۇبلايخان پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبىي سۇڭ خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغان ئىدى.

ئارىق بۇقا 1261 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرگەندە، بۈيۈك قاغانلىق تەختىدىن مەھرۇم قالغان ئۆگەدەي خانلىقى ئۇنى پائال قوللىغان. لېكىن، چاغاتاي خانلىقى ئارىق بۇقىنىڭ ئىسيانىنى قوللىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئارىق بۇقا 1262 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىق شەھىرىگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى يۇز يىلغىچە قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگىدەك دەرىجىدە تولۇق خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. مەزكۇر قەدىمىي شەھەر ئاخىرقى قېتىم 1367 ـ 1388 ـ يىللىرى ئەمىر تۆمۈر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگەن.

ئارىق بۇقا ئالمالىقنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى قوللىمىغان چاغاتاي خانلىرى ۋە خانزادىلەرنى ئۆلتۈرۈپلا قالماي، يەنە تېخى مۇسۇلمان دىنىي پېشۋالار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىمۇ قەست قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن ياش ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشىمۇ ئارىق بۇقا تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىش خەۋپىدە قالغان. هالقىلىق پەيتتە، پۈتۈن خانلىقنىڭ مۆتىۋەرلىرى سەدىر ئەزىم بۇرهانىدىن جامال قارشىنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇنى قەشقەرگە سۈرگۈن قىلىش تاكتىكىسى ئارقىلىق زالىم شامان مۇرتى ئارىق بۇقىنىڭ قىلىچىدىن قوغداپ قالغان.

جامال قارشىنىڭ «قارشى» تەخەللۇسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بىرى ئىلمىي ئاساسى بار بولغان قاراش بولۇپ، ئۇنىڭدا «قارشى» ئاتالغۇسىنىڭ «ئوردا ۋە ساراي» مەنىسى بارلىقىنى، جامال قارشى ئەينى چاغدىكى چاغاتاي خان ئوردىسىنىڭ تايانچ ۋە نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئوردا ئەربابى ياكى ساراي مۆتىۋىرى» دېگەن مەنىدە جامال قارشى دەپ شۆھرەت تاپقان.

ئەل ئىچىدىكى ئاغزاكى بايانلارغا قارىغاندا، ئالىم جامال قارشى ئەينى چاغدا بىر قاتار قورقۇنچلۇق جىنايەتلىرى بىلەن بىر پۈتۈن تۈركىستاننى زىلزىلىگە سالغان ئارىق بۇقاغا قارشى تۇرغان مۆتىۋەرلەر ئىچىدىن ساق قالغان يېگانە كىشى بولغاچقا، ئاۋام ئۇنى «قارشى» تەخەللۇسى بىلەن ئاتاشقانىدى. شۇڭا، ئەسلى ئىسمى ئوبۇل فەزلى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد بولغان ئالمالىقلىق ياش يىگىت ئالىم جامال رەسمىي ھالدا جامال قارشى دېگەن نام بىلەن تارىخقا پۈتۈلگەن.

جامال قارشى 1263 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى 1272 ـ يىلىغىچە قەشقەر مۆتىۋەرى سەدرى ئەزەم كامالىددىن ھەزرەتىنىڭ يول كۆرسىتىپ مەدەت بېرىشى ۋە يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بېرىش دېگەندەك تۈرلۈك ئىلتىپاتلىرى نەتىجىسىدە قەشقەر خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ئىلمىي ئىزدىنىش قىلىپ، كېيىنكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن خام ئەشيا توپلىغان. لېكىن، ئارىق بۇقا ئىسيانى باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆگەدەيخانىنىڭ 5 ـ ئوغلى قاشخانىنىڭ ئوغلى قايدۇ قۇبلاي قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، چاغاتاي خانى دۇۋامۇ بۇ ئىسيانغا قوشۇلغان. ئاقىۋەت، قەشقەر ۋەزىيىتىمۇ داۋالغۇپ كەتكەچكە، جامال قارشى 1272 ـ يىلى غەربىي تۈركىستاندىكى تاشكەنت شەھىرىگە يۆتكىلىپ، كېيىنكى يىلى تاشكەنتتىن سىر دەرياسى بويلاپ بۈيۈك سالجۇقلارنىڭ بوۋىسى سالجۇق دەپنە قىلىنغان جەند ۋە بارچىكەند قاتارلىق يۇرتلارنى زىيارەت قىلىپ، بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ داڭلىق ئالىمى شەيخ ھېسامىددىن ھامىد ئىبنى ئاسىم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ فىقھى كىتابىنى تەھرىرلەپ بەرگەن. ئاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، 1282 ـ يىلى ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئالىم جيەنى جەۋھەرى يازغان تۆت توملۇق ئەرەبچە لۇغەتنى قىسقارتىپ، لۇغەتتىكى ھەممە ئەرەبچە سۆزلۈكنىڭ پارسچە مەنىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، «ئەس سۇراھ مىنەس سىھاھ ( سىھاھ لۇغىتىدىكى تولۇق ۋە ساپ سۆزلۈكلەر )» ناملىق ئەسىرىنى قەلەمگە ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن, قايدۇ ۋە دۇۋا ئىسيانىنىڭ تارىم ۋە يارىش ۋادىسىنى مالىمان قىلىشى سەۋەبىدىن جامال قارشى يەنە بىر قېتىم مىلادىيە 1303 ـ يىلىغىچە غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە مۇھىم شەھەرلەرگە ئىلمىي ساياھەت ۋە زىيارەتكە بېرىپ، نۇرغۇن بۈيۈك ئالىملار ۋە تەۋەررۈك شەيخلەر ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆلمەس ئەسىرى ئۈچۈن كۈچلۈك بىرىنچى قول ماتېرىيال مەنبەسى توپلاپ چىققان.

مىلادىيە 1303 ـ يىلى جامال قارشى ئەڭ ئاخىرقى ئۆلمەس بىباھا ئەسىرى بولمىش مۇلھاقاتۇس سۇراھ ( سۇراھ ناملىق ئەسەرگە تولۇقلىما ) ناملىق ئەسىرىنى پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەن. بۇ مەزگىل ئىسيانچى قايدۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىككى يىل توشۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى جەبە ( چاپار ) ئۆگەدەي خانلىقىنىڭ يېڭى خانى بولغان نىسبەتەن تىنچ بىر مەزگىل ئىدى. كېيىنچە جەبەمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ،

ئۆگەدەي خانلىقىنىڭ پۈتۈن زېمىنى يۈەن سۇلالىسى بىلەن خوشنا چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن تولۇق قوشۇۋېلىنغان.

قىسقىس، قاراخانىلار دەۋرىدە بىر مۇنچە ھىممەتلىك ئۇيغۇر ئالىملىرى ئۇيغۇر ۋە تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن كىتاپلارنى يازغان ۋە ھەر خىل تىلدىكى قىممەتلىك كىتاپلارنى تەرجىمە قىلدى. بىراق، بۇ ئەسەرلەردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىنى ھسابقا ئالمىغاندا، بىزگە تېخى نامەلۇم بولغان يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىدىن شۈبھىلەنمەيمىز، ئەلۋەتتە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى يۈكسەك مەدەنىيەتنى نامايەن قىلىدىغان تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى.
بىز قاراخانىلار دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا تولۇق خەۋەردار بولمىساقمۇ، ئەمما قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەردە، بالاساغۇندا يېتىشىپ چىققان ئالىملارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئىچىدە ئالمالىقتا تۇغۇلغان مەزكۇر ھىممەتلىك ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى يازغان «ئەس سۇراھ مىنەس سىھاھ» ۋە «مۇلھاقاتۇس سۇراھ» ناملىق بىباھا ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتماقتا.

جامال قارشى (ئەسلى ئىسمى ئەبۇل فەزلى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئالمالىقلى ) . ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۆزى ئالمالىقتا ( ھازىرقى قورغاستا ) تۇغۇلغان، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. جامال قارشى ھىجرىيىنىڭ 681 - يىلى، مىلادىنىڭ 1282 - يىلى قەشقەردىكى ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ جىيەنى ئەل جەۋھىرىنىڭ «ئەسسىھاھ فىل لۇغەت» ( ساپ سۆزلۈكلۈك لۇغەت ) ناملىق 4 جىلدلىق نوپۇزلۇق كىتابىنى «ئەس سۇراھ» ( ھەقىقى، تولۇق، ساپ ۋە ئوچۇق مەنىلىك لۇغەت ) دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ، ئەرەپچىدىن پارىسچىغا تەرجىمە قىلدى. 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەپچە ئىلاۋە بىلەن «مۇلھاقاتۇس سۇراھ» ( سۇراھقا تولۇقلىما ) دېگەن مەشھۇر ۋە بىباھا لۇغەتنى يېزىپ چىققان.
جامال قارشىنىڭ «سۇراھ» قا يازغان ئىلاۋىسى بۈيۈك قاراخانىلار دەۋرىدە ۋە كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىملار، مەشھۇر شەخسلەر، دىنىي ئالىملار ۋە شەيخلەرنىڭ تارىخىنى ھەمدە شۇ دەۋردىكى مەنىۋى ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. جامال قارشىنىڭ بۇ ئۇسلۇبىنى مەرھۇم ئۇيغۇر دىنىي ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ئۆزىنىڭ ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە قامۇس ناملىق چوڭ لۇغىتىدە جانلىق شەكىلدە قوللانغان ئىدى. بۇ ئىلاۋىنىڭ قوليازمىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا م. س. ئاندرىۋ تەرىپىدىن تېپىلىپ، ف. ب. نەلفىكىن تەرىپىدىن ئاسىيا مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان، ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا.



# خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قانداق ئىقتىسادىي باستۇرۇش قوللىنىۋاتىدۇ؟

## خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قانداق ئىقتىسادىي باستۇرۇش قوللىنىۋاتىدۇ؟

روشەن ئابباس خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئۇيغۇر رايونىدىكى (تەرجىمەدە بۇنىڭدىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئېلىنىدۇ) مۇسۇلمان مىللەت ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن يىللاردىن بېرى كۈرەش قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان خىتايغا نىسبەتەن ئاپتونوم رايون بولۇشقا قارىماي، بىر تۈركىي ئىشلاردا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ رايوننى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۈچلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان. مول نېفىت ۋە گاز زاپىسىغا ئىگە بولغان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا دۇنيانىڭ بەشتىن بىر پاختىسىنى ئۆز قوينىدا يېتىشتۈرىدىغان شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپاغا ئېچىلغان ئىشىكى ئورنىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستان ئېتنىك جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تېخىمۇ يېقىن بولغان، ئۆزىگە خاس تىلغا، ئۆزىگە خاس كۈلتۈرگە ئىگە 12 مىليون ئۇيغۇرنىڭ يۇرتىدۇر.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ھالدا خىتاي كۈلتۈرىگە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىنى ئۇيغۇرلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ۋە كامپىغا سولاش قاتارلىق جەريانلار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشماقچى بولدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇر نوپۇسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى قەستەن يوق قىلىۋېتىش، پىلانلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، دىنىنى چەكلەش، ئۇيغۇر تىرىكچىلىك مەنبەلىرىنى يوق قىلىۋېتىش ۋە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللانماقتا. خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ كەم بولغاندا 380 لاگېر قۇرۇپ، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ جازا

لاگېرلىرىنى بەرپا قىلدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى پەقەتلا فىزىكىلىق باستۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. خىتاي ئۇيغۇرلارنى يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ باستۇردى.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى، ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا يۇرتىدا قىلغان ھەر قانداق ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان، ئۇيغۇرلار ھەر دائىم ئىقتىسادىي جازا قورقۇنچىدا ياشايدىغان بىر ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

روشەن ئابباس مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ساقچى دۆلىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ھەر بىر بوشلۇق، ھەر بىر مال-مۈلك، بانكىدىكى ھەر قانداق پۇل، جۈملىدىن ھەر قانداق نەرسە ۋە ھەر قانداق ئىش تەقىپ ئاستىدا. خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار ھەر قانداق مەلۇماتقا ئىگە. ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ تېلفۇنىغا ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە كۆز-قۇلاق بولىدىغان خىتاي جاسۇسلۇق ئەپ دېتالى ئورنىتىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بانكا كارتىسىغا كىرگەن ۋە چىققان پۇلنى كۆزىتىپ، بىلىپ تۇرىدۇ...»

خىتاي ئۇيغۇرلارنى ھەر ساھەدە كۆزىتىپ تۇرۇشتىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مال-مۈلكىنىمۇ خالىغانچە توڭلۇتۇپ قويالايدۇ. بانكىلار دۆلەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بانكا ھېسابىدىكى پۇل-مېلىنى ئۇ ئۇيغۇرنىڭ خەۋىرى يوق ھالدا خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

روشەن ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھۆكۈمەت خادىملىرى يۈز ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر جەدۋەلنى كۆتۈرۈپ بانكىغا كېلىپ، بۇ تىزىملىكتىكىلەرنىڭ بانكىدا قانچە پۇلى بار، ماڭا بۇنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ بەر دەپ تەلەپ قىلسا، بانكا بۇ تەلەپنى دەرھال ئورۇندايدۇ. ھۆكۈمەت ئۆزى خالىغىنىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بانكا ھېساباتىنى تاقىتىۋېتىش، پۇل-مېلىنى توڭلىتىش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلالايدۇ.»

مۇسادىرە قىلىش خىتاينىڭ يەنە بىر كونترول قىلىش قورالىدۇر. ئۇيغۇر ئاكادېمىكلار، كارخانىچىلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. خىتاينىڭ زۇلۇملىرىنى پاش قىلىدىغان خەلقئارا توغرا بېتىدىكى بىر يېڭى خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر مۈلۈك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن ئۈچۈن ئۇيغۇر دېھقانلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر دېھقانلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە \ يەنى ھاشارغا سالغان. 2001-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىدا ئېتىزلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى تەخمىنەن ئەللىك ھەسسە ئاشتى.

ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىكىدىكى ئېتىز-ئېرىقلارنى تارتۇۋېلىشتىن سىرت، ئۆزىگە تەۋە ئۆي-مۈلۈكلىرىنى ئېلىكىدە تۇتۇپ تۇرۇش جەھەتتىمۇ خىرىسقا دۇچ كەلدى. خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئۆز ئېلىكىدىكى ئۆي-مۈلۈكنى مەلۇم قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا 12 ئاي مۆھلەت بېرىپ، ئەگەر بۇ 12 ئاي ئىچىدە مەلۇم قىلمىسا، ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي-مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان.

روشەن ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «(كۆپلىگەن) ئۆي-مۈلۈك ئىگىلىرى لاگېر-تۈرمىلەردە. بۇنداق ئىكەن، تۈرمە-لاگېردىكى كىشى قانداق قىلىپ ئۆي-مۈلكىنى قايتا تىزىمغا ئالدۇرالىسۇن؟ ئۆي-مۈلكىنى قايتا تىزىمغا ئالدۇرالمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە خىتايلارنىڭ كىرىۋالغانلىقىنى نۇرغۇنلىغان ۋىدېيولاردا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.»

ئۆيلىرى، زېمىنلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرى تارتىۋېلىنغان ئۇيغۇرلار خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «يوقسۇللۇقنى تۈگىتىش» پروگراممىسىغا ئەۋەتىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى تەتقىقاتى بىلەن تونۇلغان دوكتور ئادرىيان زېنز خىتاينىڭ بۇ «يوقسۇللۇقنى تۈگىتىش» پروگراممىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى نامراتلىقنى تۈگىتىشكە يارىمايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن لايىق بولغان كىرىمدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان، دۆلەت تەرىپىدىن پىلانلانغان پروگرامما ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ پروگرامما نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىجتىمائىي كونتروللىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن قورال سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

روشەن ئابباس مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ يوقسۇللۇقنى تۈگىتىش پروگراممىسى رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىش، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەلىرىگە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن؛ شۇنداقلا ئۇلارنى خىتاي كۆچمەنلەرگە، دۆلەت كارخانىلىرىغا ياكى شەخسىي كارخانىلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ساھەلەردە ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ خىل يەرلەردە ئىشلەشنى رەت قىلسا جازاغا ئۇچرايدۇ.»

روشەن ئابباس يەنە مۇنداق دېدى: «بۇنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟ سىز ھېچقانداق تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئۆزى خالىغان يەرگە ئەۋەتىۋەتسە، ئائىلىڭىز بىلەن نورمال ئالاقىڭىز ئۈزۈلسە، ئائىلىڭىزنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتىن ئايرىلىش ھوقۇقىڭىز بولمىسا، بۇنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟ بۇنى زامانىۋىي قۇللۇق دەپ ئاتايمىز.»

مىليونلىغان ئۇيغۇر خىتاي باشلىقلارنىڭ خالىشى بويىچە بىر كېچىدىلا يوق قىلىۋېتىلىشى مۇمكىن بولغان ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ. بىر تەرەپتىن قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىش، بىر تەرەپتىن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئۇيغۇرلارنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىشى ئومۇمەن مۇمكىنسىز ھالغا كېلىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئوخشاش رېجىملارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى كونترول قىلىش، تېخىمۇ يامىنى يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن بارغانچە تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي كۆزىتىش، مۇسادىرە قىلىش ۋە باستۇرۇش يولىنى تۇتۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دىكتاتورلارنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا ئەركىن ئالاقىگە ۋە سودا-تىجارەتكە بولغان ئېھتىياج ھېچقاچان بۇ قەدەر مۇھىم بولۇپ باققان ئەمەس. روشەن ئابباس بىزگە ئەركىنلىكنىڭ پەقەتلا راھەتلىككە ئالاقىدار ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە ئەركىنلىكنىڭ ھەم شەخسىي ۋە كۈلتۈرەل جەھەتتىن مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى.

ئىنگلىزچىدىن ئۈتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://hrf.org/latest/how-china-uses-financial-repression-to-erase-the-uyghur-people/



# چيگرا هالقىغان مۇقام

ئۇيغۇر كۆكئارت

## چېگرا ھالقىغان مۇقام

ئۇيغۇر كۆكئارت

چېگرا ھالقىغان مۇقام پروجەكتى ئەنگلىيە تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت مىنىستىرلىكى مەبلەغ چىقارغان، شۇنداقلا لوندون ئۇنىۋېرستېتى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە ئىتالىيەدىكى ۋېنىتسىيە فوركارى ئۇنىۋېرستېتى ھەمكارلاشقان خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ۋە چوڭقۇر يىلتىزى بولغان مۇقاملار ھەققىدىكى بىر يۈرۈش تەتقىقات قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بۇ پروجەكت ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى شىمالى ئافرىقىغىچە يېيىلغان مۇقاملار ھەققىدىكى كۆپ قاتلاملىق زور تەتقىقات بولۇپ، مۇقاملار يېيىلغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى مۇزىكىلىق باغلىنىشلار ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ مۇقام پروجەكتى، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە ئىككىگە بۆلۈنگەن خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پىسخىكىسىنى مۇزىكىغا باغلىغان ئاساستا چوڭقۇرلاپ ئىنىقلاپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

چېگرا ھالقىغان مۇقام پروجەكتى ئالتە قىسمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى «سوۋېت ـ خىتاي بۆلىۋالغان زېمىندىكى مۇقاملار» بىلەن ئىككىنچى قىسمى «مۇھاجىرەتتىكى خاتىرىلەر ۋە ئىجادىيەتلەر» ناملىق ئىككى بۆلەك تەتقىقاتقا ئۇيغۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى پروفېسسور رەيچىل خارىس خانىم، شائىر ۋە ئاكادېمىك تەتقىقاتچى ئەزىز ئىسا ئەلكۈن، ۋە بىلگىيە بىريۇسېل ئەركىن ئۇنىۋېرستېتىدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچى مۇقەددەس مىجىتلار قاتناشقان. مۇقام ھەققىدىكى بۇ تەتقىقاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەنلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىكى قىسمەتلىرى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ھاياتى قاتارلىقلار بىلەنمۇ چوڭقۇر باغلىنىدۇ.

2023 ـ يىلى باشلانغان چېگرا ھالقىغان مۇقام پروجەكتى بەش يىللىق پروجەكت بولۇپ، بۇ پروجەكتنىڭ ئەمەلىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە ئۇنىڭ ئايالى رەيچىل خارىس خانىملار 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئىككى تەتقىقاتچىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى شاش ئالتە مۇقامى دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك مۇقاملار بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقاملىرىنىڭ باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەسلى يىلتىزى بىر بولغان، خىتاي ۋە رۇس ئىشغالىيىتى سەۋەبلىك ئىككىگە ئايرىلغان ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنى بىردەكلىكىنى مۇقاملار ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ چىقىشنى، ئۇيغۇر

12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شاھ مەشرەپ، ھۇدەيدا، نەۋائى قاتارلىق زاتلارنىڭ بۇ يەردىكى تارىخى ئىزلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ پەرغانە مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۆزبەكىستان ھۆكۈمىتى مۇقاملارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا كۆپ كۈچ چىقىرىۋاتقان بولۇپ، پەرغانە مۇقام مەكتىۋى، بۇخارا مۇقام مەكتىۋى، خىۋە مۇقام مەكتىۋى قاتارلىق مەخسۇس مەكتەپلەر قۇرۇلغان. ئۆزبەكىستان  ھۆكۈمىتى مۇقام تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلاۋاتقان بولۇپ، ئۆزبەكىستانىنىڭ ياۋرۇپا ئىتتىپاقى ۋە بۈيۈك بېرىتانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېقىنلىشىشى بىلەن چېگرا ھەلقىغان مۇقام تەتقىقاتچىلىرى بولغان ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە ئايالى رەيچىل خاررىس خانىملارنىڭ پەرغانىگە كېلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق شارائىتلار يارىتىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن خۇددى تارىم ۋادىسىدەكلا ئەزىز بولغان پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ تەرقى-تۇرقىدىن ئۇيغۇرلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ قېتىملىق سەپەردە ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە ئايالى ئالدى بىلەن يەرلىك مۇقاملارغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تونۇلغان مەرغىلان شەھرىگە يېتىپ كەلدى. مەرغىلاندىكى مەدەنىيەت-سەنئەت ساھاسىدىكى خادىملار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بۇ ئىككى تەتقىقاتچىغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىدىن ئۆزبەك خەلقىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا بولغان سۆيگۈ ھۆرمىتىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى. ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە رەيچىل خاررىس خانىملار 4-ئاينىڭ 4-كۈنى پەرغانە مۇقام مەكتىۋى ۋە مەرغىلان مۇقام تىياتىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇ يەرلەردە ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋېلىندى.

پەرغانە مۇقام مەكتىپىنى زىيارەت قىلغان ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە رەيچىل خاررىس خانىملارنى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇرچە مۇزىكىدىن بىر پارچە ئورۇندىغان ۋە مۇزىكىنىڭ ئىسمىنى «ئۇيغۇرچە» دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. پەرغانە مۇقام مەكتىۋىدە 170 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ھەممىسى ئۆز كەسپىنى سۆيىدىغان، تالانتلىق ياش-ئۆسمۈرلەر ئىكەن. بۇ سورۇندا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار چالغان راۋاپنىڭ تارىخى ھەققىدە گەپ بولغاندا، مەكتەپتىكىلەر بۇ راۋاپنىڭ ئۆزبەكىستاندا قەشقەر راۋابى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، قەشقەر راۋابىنىڭ ئۆزبەك چالغۇلىرىغا 1920 ـ يىللىرى مەرغۇلان ۋە شاھى مەردانىغا كەلگەن قەشقەرلىك سوپى ـ ئاخۇنلارنىڭ ئېلىپ كېلىشى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىشقان. سورۇننىڭ ئاخىرىدا ئەزىز ئىسا ئەلكۈنگە دوپپا كەيدۈرۈلگەن. دوپپا كەيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ئۇنى قايتا قىرلاپ ئۇيغۇرچە كەيگەن. بۇ چاغدا مۇقام تىياتېرىنىڭ دىرىكتورى پازىل ئاكا كۈلۈپ كېتىپ: «سىز راست ئۇيغۇر ئىكەنسىز. ئۇيغۇر قېرىنداشلارىمىز  دوپپىنى شۇنداي قىرلاپ كىيەدۇ» دېگەن ۋە ئەزىز ئىسا ئەلكۈندىن

نېمە ئۈچۈن شۇنداق كېيىدىغانلىقىنى سورىغان. ئەزىز ئىسا ئەلكۈن قىزىق قىلىپ: «بەلكىم بىزنىڭ پەرقلىرىمىز شۇنچىلىكلا بولسا كېرەك ئەكە!» ـ دېگەن. بۇ گەپتىن ھەممەيلەن كۈلۈشكەن.

مەرغىلان مۇقام تىياتىرىنى زىيارەت قىلغان ئەزىز ئىسا ئەلكۈنگە تون ۋە دوپپا كەيدۈرۈلگەن. بۇ زىيارەتلەر داۋامىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپ گەپلەر بولغان. پەرغانىدە «ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلىك خەلق»، «ئۆزبەك، ئۇيغۇر بىر خەلق دېگەن» دېگەن چۈشەنچىلەر كەڭ تارقالغان ئىكەن. سۆھبەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تاكى 1990 ـ يىللارغىچە مەرغۇلان تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزبەكچە گەپ قىلىدىغان بولۇپ كەتكەچكە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. 1991 ـ يىلى ئۆزبەكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ تىجارەت قىلغان بولسىمۇ كېيىن قايتىپ كەتكەن ئىكەن.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قوقەند شەھرىدە زىيارەتتە بولغان شائىر ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە رەيچىل خاررىس خانىملارنى شۇ يەردە ياشايدىغان جاھانگىر خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە بۇزرۇك خان خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالغان ۋە ئۆز ئۆيلىرىدە زىياپەت بېرىپ شاھ مەشرەپنىڭ غەزەللىرى بىلەن ئورۇنلانغان يەرلىك كۈيلەرنى ئىجرا قىلىشقان. جاھانگىر خوجا 1820 ـ يىلى مانجۇلارغا قارشى ئىسيان باشلاپ شۇ چاغدا يېڭىلمەس قوشۇن دەپ ئاتالغان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئىناۋەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ئۇيغۇر تارىخى ۋە دۇنيا سىياسىتىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. 1826 ـ يىلى قەشقەرىيەنى مانجۇلاردىن ئازاد قىلغان جاھانگىر خوجا ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان بولسىمۇ 1828 ـ يىلى خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن مانجۇلارغا ئەسىر چۈشۈپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇزرۇك خان خوجا بولسا 1864 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان قەشقەرىيە ھۆكۈمدارى ئىدى. كېيىن ياقۇپبەك ھاكىمىيەتنى ئىگەلەپ ئۇنى ھەجگە يولغا سېلىپ قويغان. تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز تارىخىنى ئۇنۇتمىغان جاھانگىر خوجا ئەۋلاتلىرى شائىر ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە ئايالى رەيچىل خاررىس خانىملارغا يۈكسەك ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسەتكەن.

ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە ئايالى بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ۋە شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان نامانگان شەھرىگە يېتىپ بىر رېستورانغا كىرگەندە تاماق تىزىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچرىتالمىغان. رېستوراندىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئۇستىلار كېلىپ ئۇيغۇرچە تاماقلارنى ئېتىشنى نامانگاندىكىلەرگە ئۆگەتكەن بولۇپ، 7-8 يىلنىڭ ئالدىدا ھەممىسى تۇيۇقسىز غايىپ بولغان. نامانگاندە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، يەردىكى خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ياخشى بىلىدىكەن ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىشىپ دۇئالار قىلىشىدىكەن. نامانگان ئۇيغۇر تارىخى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان جاي بولۇپ، ئۇ بابا رەھىم مەشرەپنىڭ تۇغۇلغان جايى. شاھ مەشرەپ بۇ جايدىن قەشقەر، خوتەنلەرگە سەپەر قىلىپ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ۋە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا مەشرەپنىڭ غەزەللىرى ھەر ۋاقىت يادلىنىپ تۇرماقتا.

ئەزىز ئىسا ئەلكۈن ۋە رەيچىل خارىس خانىملار نامانگاندە بىر ھەپتە تۇرۇپ نامانگاننىڭ يېزا قىشلاقلىرىنى كېزىپ مەشرەپنىڭ ئىزنالىرىنى تەكشۈردى. نامانگاندىكى مۇقامچىلار، مۇزىكانتلار، تەتقىقاتچى ۋە ئاكادېمىكلار بىلەن كۆرۈشۈپ مۇقاملار ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە پەرغانە مۇقاملىرىنىڭ تارىخى باغلىنىشى ئارقىلىق يىلتىزى بولغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەك خەلقىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە بىر بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە ئىنگلىز تىلىدا كىتاپلارنى يېزىپ چىقىپ ئۇيغۇر- ئۆزبەك مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى سەپەر بۇ ئىككى تەتقىقاتچىغا كۆپ پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار كەلگۈسى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تەتقىقات مۇساپىسىدە بۇ يەرگە يەنە كېلىشنى پىلانلىغان. بۇرۇن ئۇلار ئۇيغۇر ئۆزبەك خەلقى بىر خەلق، يىلتىزىمىز بىر دەپ ئىشەنگەن بولسا بۇ قېتىقى سەپەردە ئۇلار بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلار پەرغانىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ سۆيگۈ مۇھاببىتىدىن ۋە كۆرسەتكەن ھۆرمىتىدىن بۇرۇن ئويلىغانلىرىنىڭ پاكىتلىرىنى كۆردى ۋە بۇنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ھېس قىلدى.


مسلىسىز ئويغىنىش
چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا
قارشى تور جاسۇسلۇقى
مايۇرا كاتىر

# چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى تور جاسۇسلۇقى

مايۇرا كاتىر

ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى ئەڭ چوڭ تەشكىلاتى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىنى نىشانلىغان تور ھۇجۇمى ئۇيغۇر يېزىقى تەھرىرلەش دېتالى «UyghurEditPP» ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. بۇ دېتال ئامما ئىچىدە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان يېزىق تەھرىرلەش دېتالى ئىدى.

بۇ ۋەقە چېگرا ھالقىغان رەقەملىك باستۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا كۆلتۈرەل دېتاللارنىڭ دۆلەتكە باغلانغان تەھدىت ئۇنسۇرلىرى تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**يۇقۇملىنىش زەنجىرى: ئىجتىمائىي ئىنژېنېرلىق تېخنىكىلىق ھىيلىلەر بىلەن ئۇچراشماقتا**

بۇ ھۇجۇم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىقى بار بىر تەشكىلاتنىڭ رامزانلىق تەبرىك خېتىنى تەقلىد قىلغان بىر قىلتاق ئېلخەت يوللانمىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان.

قىلتاق ئېلخەت مەكتۇبىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىملا تەھرىرلەش دېتالى بولغان «UyghurEditPP» نى گۇگول درايۋ ئۇلانمىسى ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېلىپ سىناپ كۆرۈشى تەرغىپ قىلىنغان بولۇپ، چۈشۈرۈۋېلىش تەرغىپ قىلىنغان بۇ ھۆججەت ئۇيغۇر ئىمدىت دېتالىغا تەقلىد قىلىنغان بىر ۋىرۇسلۇق ھۆججەت ئىدى. چۈشۈرۈۋېلىش تەرغىپ قىلىنغان بۇ ۋىرۇسلۇق دېتال ئىملا تەھرىرلەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، چۈشۈرۈۋالغۇچىنىڭ كومپيۇتېرىغا «GheyretDetector. exe» نامىدىكى ئارقا سەپ دېتالىنىمۇ يوشۇرۇن ھالدا قاچىلاپ قويغان.

بۇ ئارقا ئىشىك ۋىرۇسى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل دېتاللارغا بولغان ئىشەنچىدىن پايدىلاندى. خىتاينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زەربە بېرىشى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇمشاق دېتاللارنىڭ كەمچىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ۋەجىدىن بۇ (ئۇيغۇر تىلى دېتالىغا سۈيىقەست ئىشلىتىش) تاكتىكىسى (خىتاي ئۈچۈن) تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى.

بۇ يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتالنىڭ تېخنىكىلىق يادروسى «MainFormLoad» ھادىسىسىگە باغلىق بولۇپ، بۇ يامان غەرەزلىك ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە داۋاملىقلىقىنى ساقلىشىغا يول ئاچقان. بۇ ۋىرۇسنىڭ داۋاملىقلىقى ھەر بەش مىنۇتتا بىر قېتىم ئىشقا چۈشىدىغان «gheyretUpdater» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. بۇ ئارقىلىق بۇ ۋىرۇس كومپيۇتېرنىڭ سىستېمىسىنى يېڭىدىن باشلاشتىن ساقلىنىپ، كومپيۇتېرنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرغان.

### تېخنىكىلىق ئىقتىدار ۋە بۇيرۇق قۇرۇلمىسى

ۋىرۇسلانغان بۇ دېتال كومپيۇتېرغا قاچىلانغاندىن كېيىن، ۋىرۇس كومپيۇتېرنىڭ سىستېما ئانالىز سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. ئاقىۋەتتە كومپيۇتېردىكى ئىشلەتكۈچى ئىسىملىرى، IP ئادرېسلىرى، مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە كومپيۇتېر قاتتىق دېتاللىرىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى يىغىدۇ.

ئاندىن بۇ ئۇچۇرلار يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان مۇلازىمېتىردىن بىرىگە يوللاپ بېرىلىدۇ. بۇ مۇلازىمېتىرنىڭ تۈرغۇن شىفىرسى tengri[.]ooguy[.]com بولۇپ، anar[.]gleeze[.]com شەكلىدىمۇ زاپاسلانغان. بۇ ئىككى تور نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تۈركىي قەۋملەرنىڭ چوڭقۇر كۈلتۈرەل ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە قويۇلغان ناملاردۇر.

بۇ ۋىرۇس يەنە ئۆزى ئىگىلىۋالغان كومپيۇتېردا ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يېڭى بولاقلارنى قۇرالايدۇ.

C2 مەشغۇلات قۇرۇلمىسى خىتاي تور سۈيىقەستچىلىرى تەرىپىدىن كۆپ قوللىنىلىدىغان Choopa LLC’s AS20473 غا تەۋە IP ئادرېسلىرىدىن پايدىلانغان.

مۇناسىۋەتلىك دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، «Citizen Lab» مەزكۇر تور ھۇجۇمىنى مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا تەۋە قىلمىغان بولسىمۇ، ھۇجۇمدا قوللىنىلغان تاكتىكىلار، نىشان ۋە ھۇجۇم قىلىنغان مەشغۇلات قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خوڭكوڭ جەمئىيەتلىرىگە تەۋە كىشىلەرگە قارشى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

هۇجۇمچىلار ئۇيغۇر كۇلتۇرەل دىنامىكىلىرى ۋە دىئاسپورادىكىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىشنى نامايەن قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە دېتاللىرىغا بولغان ئىشەنچىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئېنژېنېرلىق ۋە تېخنىكىلىق ۋەيران قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

مەسىلىگە چوڭ دائىرىدىن نەزەر سالساق، بۇ ھۇجۇم خىتاينىڭ دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى كۆزىتىش، قورقۇتۇش ۋە جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن يامان نىيەتلىك تور پروگراممىلىرىنى، كىملىك ئوۋىنى ۋە تور تاجاۋۇزىنى قوللانغان، چېگرا ھالقىغان رەقەملىك تور ھۇجۇمىدۇر.

بۇنداق ھۇجۇملارنىڭ پسخولوگىيىلىك زىيىنى كۈچلۈك بولۇپ، ھۇجۇم ئوبيېكتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە ھېزى بولۇشىنى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ساھەسىدىكى رەقەملىك مەھسۇلاتلارغا بولغان ئىشەنچسىزلىكنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىلىرى خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرگە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

* ئىشەنچلىكلىكى تەستىقلانغان تور بەتلەردىن باشقىسىدىن پروگراما ۋە يۇمشاق دېتاللارنى كومپيۇتېرىڭىزغا ھەرگىز چۈشۈرمەڭ.

* كود ئىمزالاش گۇۋاھنامىلىرىنى ۋە ناتونۇش يۇمشاق دېتال ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئائىت ئاگاھلاندۇرۇشلارنى تەكشۈرۈڭ.

* تور ناملىرىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تەقلىدىي تور بەتلەردىن ماتېرىيال چۈشۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىغا قارىتىلغان بۇ تور ھۇجۇمى ۋەقەسى ئاجىز دىئاسپورا خەلقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن شۇ خەلقلەر تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تېخنولوگىيە مۇنبەرلىرى ۋە خەلقتىن تەشكىللەنگەن جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان قوغدىنىش يوللىرىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياجنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://gbhackers.com/cyber-espionage-campaign-targets-uyghur-exiles/#google_vignette



# شەرقىي تۈركىستان: بىر ئىسىمنىڭ سۈكۈتتىكى غەزىپى ۋە كىملىك مۇجادىلىسى

مەھمەت ئەمىن ھەزرەت

# شەرقىي تۈركىستان: بىر ئىسىمنىڭ سىمۋوللۇق كۈچى ۋە كىملىك مەۋجۇتلۇقى

مەھمەت ئىمىن ھەزرەت

## ئىسىم نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟

2025-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى گوللاندىيە پارلامېنتىدا مۇھىم بىر تەرەققىيات يۈز بەردى. دەنىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ۋە پارلامېنت ئەزاسى ستېفان ۋان بارلې (Stephan van Baarle) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ» دەپ بېكىتىلگەن رايوننى قارىتا رەسمىي ھۆججەت ۋە دۆلەت تىلىدا «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىشكە ئائىت قانۇن لايىھىسىنى سۇندى. بۇ ھەرىكەت پەقەت بىر ئاتالغۇنى تۈزەشلا ئەمەس. ئۇ يەنە تارىخىي، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى بەزىدە بىر ئىسىم كىشىلەرنىڭ پوتكۇل تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## ئۇزۇن تارىخىي يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان ئىسىم: شەرقىي تۈركىستان

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ سۆز 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا جۇغراپىيەشۇناسلىرى تەرىپىدىن ھازىرقى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايوننى تەسۋىرلەشكە باشلىغان. بۇ ئىسىم غەربىي تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈرك دۆلەتلىرى) بىلەن جۇغراپىيىلىك باغلىنىش ھالىتىدىدۇر. ئەمما رايون خەلقى ئۈچۈن بۇ پەقەت جۇغراپىيىلىك ئىپادىلەشلا ئەمەس، ئۇ يەنە مەدەنىيەت تەۋەلىكىنىڭ سىمۋولى ۋە تارىخىي ۋەتىنى. ئۇيغۇرلار بۇ تۇپراقلاردا نەچچە مىڭ يىل ھەر خىل ئىسىمدىكى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەت بەرپا قىلدى. 8-ئەسىردە قۇرۇلغان قاراخانىيلار 10-ئەسىردە ئىسلام دىنىنى رەسمىي دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈرك دۆلىتى بولۇپ قالغان. شۇڭلاشقا، شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام ۋە تۈرك تارىخى جەھەتتىن ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن، شۇنداقلا مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھىم رايون.

## «شىنجاڭ»: مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم

خىتاي-مانجۇ ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى «شىنجاڭ» (يېڭى چېگرا) دەپ ئاتايدۇ. پەقەت 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننى ھەربىي جەھەتتىن ئىشغال قىلغان. بۇ ئىسىم خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ بىۋاسىتە تىل ئىپادىسى. خىتاي خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىسىدە، بۇ يەر «كېيىن ئېرىشكەن» چېگرا رايونى بولۇپ قالدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ رايوننىڭ قەدىمكى خەلقى ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرنى ئەجدادلىرىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدۇ. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە، «شىنجاڭ» نامىنى ئىشلىتىش پەقەت جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلا ئەمەس، ئۇ تارىخىي رېئاللىقنى قايتا يېزىش ئۈچۈن تىرىشىشنى، زامانىۋىي مۇستەملىكچىلىك مەنىسىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسىمنى تىلغا ئېلىش چەكلىنىدۇ؟

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىشنى جىنايەت دەپ بېكىتتى. بۇ ئىسىم خىتاينىڭ رەسمىي ئىدېئولوگىيىسى بويىچە «بۆلگۈنچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىدىغانلار ھەمىشە «تېرورلۇق تەشۋىقاتى» ياكى «بۆلگۈنچىلىك» بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. خەلقئارا قانۇنلاردا، كىشىلەرنىڭ ئۆز جۇغراپىيىسىگە ئۆز تىلىدا ئىسىم قويۇشى ئەڭ ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇقلاردىن بىرى. ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىسمىنى تەلەپپۇز قىلىش جىنايەت دەپ قارالغان بۇ خىل مۇھىتتا تىل، كىملىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەلۋەتتە ئېغىر دەرىجىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىماقتا، ھەتتا بۇلارنى ئەستە ساقلاشمۇ جىنايەت دەپ تونۇلماقتا. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن «شەرقىي تۈركىستان» دېيىش بىر مىللەتنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەكىتلەش دېمەكتۇر.

## سېلىشتۇرۇش نۇقتىسى: روسىيە ۋە باشقا كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر

كۆپ مىللەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە نۇرغۇن دۆلەتلەردە، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىسمى قويۇشىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىچىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر، مەسىلەن: تاتارستان، چېچەنىستان ۋە باشقۇرتىستان قاتارلىقلار ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلاردا يەرلىك تىللار ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئادەتلەر كۆپ مەدەنىيەتلىك دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت دەپ قارالمايدۇ، ئەكسىچە كۆپ خىللىق مەدەنىيەت، كۆپ خىللىق بايلىق دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي شەرقىي تۈركىستان نامىنى «بۆلگۈنچىلىكنىڭ» بەلگىسى دەپ بەلگىلىدى ۋە ئۇنى زالىم سىياسەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. ئەمەلىيەتتە، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىم ئەمەس، ئەسلى قورقۇنۇچلۇق بولغىنى، بۇ ئىسىمنىڭ تارىخىي مەنىسى، بۇ ئىسىمغا چەمبەرچەس باغلانغان كىملىك ۋە ئۇ كىملىكنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق ئىزدەش ئارزۇسىنى بوغۇپ تاشلاش سۈيقەستىدۇر.

### خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى

ياۋروپا ئىتتىپاقى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ھەر خىل كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى، بەزى دۆلەتلەر خىتايغا جازا يۈرگۈزدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئىسىم تاللاش مەسىلىسىدە يەنىلا ئىككىلىنىش بار. نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ياكى دىپلوماتىك سەزگۈرلۈك سەۋەبىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ستېفان ۋان بارلېنىڭ تەشەببۇسى بۇ جەھەتتىكى تارىخىي بۆسۈش بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان» دېيىش پەقەت ئىسىم ئىشلىتىشلا ئەمەس. ئۇ شۇ ئىسىمدىكى بىر خەلقنىڭ دەردى، ئۈمىدى، ھوقۇقىنى ئىزدەش ۋە قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### خۇلاسە: ئىسىملار بەزىدە ھاياتنى ساقلاپ قالىدۇ

شەرقىي تۈركىستاندا بىر خەلقنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى شىددەتلىك تۈردە ھۇجۇم ۋە ۋە بېسىمغا ئۇچرىماقتا. ئۇنىڭ كەلگۈسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاۋازىنىڭ يۇكسەك چىقىش، چىقالماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار «شەرقىي تۈركىستان» ئىسمىنىڭ ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى بىر خەلقنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى، ئۇ خەلقنىڭ تارىخى دېمەكتۇر. تارىختىن كەلگەن ئىسىم كېلەچەككە سىلىنغان كۆۋرۈكتۇر. بۇ كۆۋرۈك بولغاندىلا ئۇ خەلقنىڭ كەلگۈسى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، گوللاندىيە پارلامېنتىدا دەنىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ۋە پارلامېنت ئەزاسى ستېفان ۋان بارلې خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ» دەپ بېكىتىلگەن رايونغا قارىتا رەسمىي ھۆججەت ۋە دۆلەت تىلىدا «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىشكە ئائىت قانۇن لايىھىسىنى سۇنۇشىنى ئەركىنلىكنى سۆيگەن بارلىق ئۇيغۇرلار چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەيمىز.

مەنبەلەر:


Hollanda parlamentosunda “Doğu Türkistan” adının kullanılması önerildi

https://www.uygurhaber.com/hollanda-parlamentosunda-dogu-turkistan-adinin-kullanilmasi-onerildi/

Millward, James A. Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang. Columbia University Press, 2007.

Human Rights Watch. Break Their Lineage, Break Their Roots: China’s Crimes Against Humanity Targeting Uyghurs and Other Turkic Muslims. 2021.

United Nations OHCHR. Assessment of human rights concerns in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, People’s Republic of China. 2022.

Roberts, Sean R. The War on the Uyghurs: China’s Internal Campaign against a Muslim Minority. Princeton University Press, 2020.

# كرىستىيان درېيېۋ ۋە ستېمرېگېننىڭ مەيدانغا چىقىشى



## كرىستيان درېيپو ۋە ستېمرېگېننىڭ مەيدانغا چىقىشى

بۈيۈك ئىشلار بىر كېچىدىلا ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. يىگىرمە يىل ۋاقىت ئىلگىرى «STEMREGEN» نىڭ قۇرغۇچىسى كرىستيان درېيپو ئىنسان بەدىنىدىكى سىرلارنى ۋە ئىنسان بەدىنىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى داۋالاشتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارىنى تېپىپ چىقىش سەپىرىنى باشلىدى. كرىستيان درېيپو غول ھۈجەيرە تەتقىقاتىنىڭ ئاۋانگارت باشلامچىسى، شۇنداقلا غول ھۈجەيرىنىڭ بەدەندە مەۋجۇت بولغان تۈزەش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزى باشلىغان تەتقىقات سەپىرى ئارقىلىق، بىزنىڭ ساغلاملىق چۈشەنچىمىزنى تامامەن يېڭى بىر ھالەتكە ئېلىپ كەلدى.

### «AFA» نىڭ كۈچىنى بايقاش

كرىستيان 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مونترىيال نېرۋولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن نېرۋوفىزولوگىيە ئىلمىدە باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، ئافانىمىزون فلوس ئاكۋى (قىسقارتىلىپ «AFA» دەپ يېزىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان سۇ جانلىقىنىڭ مېڭىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. كرىستيان تەتقىقات جەريانىدا «AFA» نىڭ سالامەتلىككە بولغان كۆرۈنەرلىك پايدىلىرىنى بايقىدى. «AFA» ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، ياللۇغ قايتۇرۇشتا ۋە ئەقلىي ساغلاملىق جەھەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى. بۇ بايقاشلار ئۇنىڭدا يىللارچە تەتقىقات قىزىقىشى ئويغاتتى.

كرىستيان ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى AFA نىڭ تەركىبىدىكى كۆپ خىل قەنت ئېلېمېنتىنىڭ ئىممۇنىت كۈچىنى ھەر قايسى تەرەپتىن كۈچەيتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي ئۆلتۈرۈش ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھەرىكەت ۋە يۆتكىلىش ئىقتىدارىنى جانلاندۇرىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. ئۇلار يەنە AFA ئارقىلىق داۋاسى يوق دەپ قارالغان كېسەللەرنى داۋالاشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار تەتقىقات جەريانىدا يەنە AFA نىڭ دوپامىنلىق نېرۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىغا ئىگە فېنىلېسىلامىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ماددىنىڭ كەيپىياتنى ياخشىلاشتا، شۇنداقلا دىققەتنى يىغالماسلىقنى داۋالاشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى بايقىدى.

گەرچە بۇ بايقاشلار كىشىنى ھاياجانلاندۇرسىمۇ، لېكىن بىلىنگەن بىئوخىمىيە AFA نى ئىستېمال قىلسا ئۇنىڭ كۆپ پايدىسىنى كۆرۈش سەۋەبىنى ئېزاھلاشقا ئامالسىز قالدى. يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ جەھەتتە ئىلىم-پەن دۇنياسىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. ئۇ بولسىمۇ سۆڭەك يىلىكىنىڭ يىلتىز ھۈجەيرىلىرىنىڭ تۇرلۇك تىوقۇلما تۇرلىرىگە ئۆزگىرىش ۋە بۇلارنى كۆچلۈك رەۋىشتە داۋالاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى تونجى قېتىم ئىسپاتلاپ چىقىلدى. بۇ بايقاشتىن ئىلھاملانغان كرىستىيان ۋە ئۇنىڭ كەسىپدىشى گىتى جېنسىن AFA نىڭ بىر تەبىئي يىلتىز ھۈجەيرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ھالىتىدە ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقىنى، ھەرىكەت ھالىتىدىكى يىلتىز ھۈجەيرىلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرالايدىغانلىقىنى ۋە بەدەننىڭ تۇغما ئۆز-ئۆزىنى داۋالاش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرى AFA دا يىلىكتىن غول ھۈجەيرە ئاجرىتىدىغان بىر ماددا بارلىقىنى، قاندىكى غول ھۈجەيرە نىسبىتىنى تەخمىنەن 25 پىرسەنت مىقداردا ئاشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كرىستىياننىڭ بۇ بايقىشى يېڭى زامان مېدىستىناسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ ھال كرىستىياننىڭ تەبىئەتتىكى تېخىمۇ كۆپ ماددىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان.

**غول ھۈجەيرە ئىزدەش سەپەرۋەرلىكى**

كرىستىيان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر مابەينىدە تەن ساقلىقىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى بىلەن بىلىنگەن ئۆسۈملۈكلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن دۇنيا سەپىرىنى باشلىدى. كرىستىيان تېۋىپلار، شامانلار، بىئوخىمىيە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن، شۇنداقلا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق دەپ قارالغان يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن خەۋەردار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئۇنى تىببەت ئېگىزلىكى ۋە ماداگاسكار قاتارلىق چەت جايلارغىچە ئېلىپ باردى. كرىستىيان بۇ رايونلاردىن غول ھۈجەيرىگە كۈچلۈك تەسىرى بولغان ئالوي ماكروكلادا ۋە دېڭىز باكتىرون بېرىيىسى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى كەشىپ قىلدى.

كرىستىياننىڭ تەتقىقاتى مالاگاسىي خەلقى ئەسىرلەردىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن ئالوي ماكروكلادانىڭ غول ھۈجەيرە ئاجرىتىلىپ چىقىرىشىنى قوزغىتىپ، ھەرىكەتتىكى غول ھۈجەيرىسىنىڭ سانىنى سەكسەن پىرسەنتكە قەدەر ئاشۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئوخشاشلا، تىببەت ۋە مۇڭغۇل تىبابىتىدە تەن ساقلىقى جەھەتتە كۆپلىگەن پايدىسى بار دەپ قارالغان باكسورن بېرىي سۆڭەك يىلىكىدىن غول ھۈجەيرە ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئوتتۇز بەش پىرسەنت ئاشۇرغانلىقى ئىسپاتلاندى.

2016-يىلى، كرىستىيان كۆپ يىللىق تەتقىقاتلىرىدىن كېيىن غول ھۈجەيرە قويۇپ بېرىشىنى قوللايدىغان تۈنجى فورمۇلانى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بايقاش كرىستاينىڭ تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بولدى، بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا «STEMREGEN» شىركىتىنى قۇردى.

**بەدەننىڭ تۇغما داۋالاش سىستېمىسى**

ھەرخىل «STEMREGEN» مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئىچىدە قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىنسان پسخولوگىيىسىدىكى «غول ھۈجەيرىنى ئاساس قىلغان تۇغما داۋالاش سىستېمىسى»، «مىكرو ئايلىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پسخولوگىيىسى» ۋە «ساغلام ھۈجەيرە سىگنالى» قاتارلىق ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى چۈشىنىش لازىم.

غول ھۈجەيرىنى ئاساس قىلغان تۇغما داۋالاش سىستېمىسى: غول ھۈجەيرىلەر بەدەننىڭ تۇغما داۋالاش سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. بەدەندە بىرەر زەخمە ياكى كېسەللىك يۈز بەرگەندە تەسىرگە ئۇچرىغان رايون سۆكەك يىلىكىدىن غول ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشىنى قوزغىتىدىغان سىگناللارنى تارقىتىدۇ. بۇ غول ھۈجەيرىلەر يارىلانغان رايونغا كۆچۈپ زەخىملەنگەن توقۇلمىلارنىڭ ياخشىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يارىلىنىش يۈز بەرمىگەندە غول ھۈجەيرىلەر نورمال توقۇلمىلارنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدا يوق بولغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ ھال ياش چوڭقايغانسېرى تەن ساقلىقىنى كۆڭۈلدىكىدەك ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مىكرو ئايلىنىش: ئۇنۇمدار مىكرو ئايلىنىش ئوزۇقلۇقلارنى، ھورمونلارنى ۋە ھۈجەيرىلەرنى بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسمىلىرىغا توشۇش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئاكتىپ خىزمەت قىلالىشى قاننىڭ ئېقىشچانلىقى، قان تومۇر ئېلاستىكىلىقى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنۇمدار مىكرو ئايلىنىش بولمىسا توقۇلمىلار ئاساسىي ئېلېمېنتلاردىن مەھرۇم قالىدۇ، نورمال فۇنكسىيىسىنى يوقىتىدۇ.

«The STEMREGEN®» پروتوكولى ئۈچ مۇھىم مەھسۇلاتنى بىر يەرگە توپلىغان:

«STEMREGEN® Mobilize» كىلىنىكىلىق سىناق قىلىنغان تەبىئىي تەركىبلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، غول ھۈجەيرىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە كۆچۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ قان ئايلىنىشنى

ياخشىلايدۇ، قىل قان تومۇر ساغلاملىقىنى قوغدايدۇ ۋە بالىياتقۇ ئىچكى گىلكوكالىكنى يېتىشتۈرۈپ، غول ھۆجەيرىلەرنى توقۇلمىلارغا ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەدەندىكى غول ھۆجەيرە ئېقىتدارىغا ياردەم بېرىدۇ.

«STEMREGEN® سىگنالى» غول ھۆجەيرە ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ۋە توقۇلمىلارنىڭ ساغلاملىقىنى قوللاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئۆسۈملۈك جەۋھىرى ئارىلاشمىسىدۇر. بۇ ئىلمىي بۆسۈش ئېلىپ كەلگەن فورمۇلا ئورگان ۋە توقۇلمىلارنىڭ فۇنكسىيىسىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا ساغلام قېرىشنى ۋە ئىچكى جەھەتتىن ياشلىششىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

### ساغلام بولۇش جەھەتتىكى يېڭى ئۇلگە

كرىستىيانىڭ تىرىشچانلىقى بىزنىڭ ئىنسان بەدىنىدىكى ئۆز-ئۆزىنى ساقايتىش سىستېمىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ساغلاملىق جەھەتتىمۇ يېڭى يول ئاچتى. ئۇ غول ھۆجەيرىلەرنىڭ توقۇلمىلارنى ياشارتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تونۇپ يېتىش نەتىجىسىدە تەن ساغلاملىقى جەھەتتە يېڭى ئۇلگە ياراتتى.

«STEMREGEN» كۆنىمىزدە كرستىيان دىرىپپونىڭ غايىسىنىڭ ۋە كەسپكە ئۆزىنى بېغىشلىشىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى تەبىئىي ۋە ئۆسۈملۈك مەنبەلىك غول ھۆجەيرە يېتىلدۈرگۈچىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق بەدەندە تۇغما بار بولغان داۋالاش سىستېمىسىغا ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، ساغلاملىققا بولغان تونۇشىمىزغا ئىلھام بېرىشكە ۋە جەڭ ئېلان قىلىشقا داۋام قىلماقتا. ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ، بىلىم ۋە تەبىئىي شىپا ئىزدىنىشىنىڭ ھاياتنى ئۆزگەرتىش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساغلاملىقنى ئەللاشتۇرۇشنى ۋەدە قىلغان، ئۆمۈرۋايەت داۋام قىلىدىغان بىر تىرىشچانلىق ئىكەنلىكىنى خاتىرىلەتمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.stemregen.co/pages/history



# تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى چۈشى ئەمەلگە ئېشىپ، دۇنياۋى داڭلىق ماركىغا ئايلاندى



دېنىز ئىستىقبال

# تۈركىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى چۈشى ئەمەلگە ئېشىپ، دۇنياۋى داڭلىق ماركىغا ئايلاندى

دېنىز ئىستىقبال

(ئىستانبۇل مېدىپول ئۇنىۋېرسىتېتى لىكتورى)

2025-يىلى 21-ئاپرېل

تۈركىيە يەرشارى بويىچە دۆلەت مۇداپىئەدە كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندىن تارتىپ ئۇرۇش پاراخوتلىرىغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېڭى تېپتىكى مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلماقتا.

تۈركىيە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلاردىن بولۇپ قالدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر تۈركىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان دۆلەت مۇداپىئە مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشماقتا ھەمدە ئۇلارنى ھەربىي ئەسلىھەلىرى قاتارىغا كىرگۈزمەكتە. خەلقئارالىق مۆلچەرلەشكە قارىغاندا، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 10-چوڭ دۆلەت قاتارىغا، شۇنداقلا زامانىۋىلاشقان تۈركىيە قوراللىق قىسىملىرى، دۇنيا بويىچە ھەربىي كۈچ جەھەتتە 9-ئورۇنغا تىزىلغان.

دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ جەريان ئاسىيادىن لاتىن ئامېرىكىسىغىچە سوزۇلغان سودا تورىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تەرەققىيات تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ دۇنياۋى ئوبرازىنى يېڭىلاپلا قالماي، يەنە تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى ئاۋئاتسىيە، دېڭىز ۋە قورۇقلۇق سىستېمىسىدىكى ئېتىراپ قىلىنغان ماركىغا ئايلاندۇردى. نەتىجىدە،

تۈركىيە نۆۋەتتە گوللاندىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئېشىپ، مەخسۇس دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى.

### دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سېتىۋالغۇچىلار

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئامېرىكا، چىلى، برازىلىيە ۋە ئېكۋادور قاتارلىق دۆلەتلەردىن تاكى ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئەنگلىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پولشا، سلوۋېنىيە، كرودىيە، ئالبانىيە، كوسوۋو، شىمالىي ماكېدونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، پاكىستان ۋە ئىراق قاتارلىق يېقىن ئىتتىپاقداشلار ۋە قوشنا دۆلەتلەردىن، تاكى يىراقتىكى ھىندونېزىيە، مالايسىيا ۋە فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەر يېقىندىن بۇيان تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى كۈرنەرلىك كۈچەيتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىنىش مىسىر، ئېفىئوپىيە، سۇدان، تۇنىس، لىۋىيە ۋە نىگېرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ كۆرۈلدى.

چىلى دېڭىز ئارمىيىسى تۈركىيىنىڭ HAVELSAN دىن سىستېما سېتىۋالغان، ئىتالىيە بولسا تۈركىيىدىن ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئىمپورت قىلىشقا تەييارلىق قىلماقتا. كرودىيە چېگرا بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈركىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. قازاقىستان برونېۋىكلارنى تۈركىيىدىن ئىمپورت قىلىدۇ، ئوخشاشلا ئېكۋادور ئالاھىدە قىسىملىرىنى تۈرك برونىك ماشىنىلىرى بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. پولشا بايراقتار TB2 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنى چېگرا بىخەتەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ. فىلىپپىن ھاۋا ئارمىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ATAK تىك ئۇچار ئايروپىلانى سېتىۋالغان. مالايسىيا MILGEM تۈرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋېلىپ كىچىك تىپتىكى ئۇرۇش پاروخوتلىرىغا ئىشلىتىشكە تەييارلىق قىلماقتا. پاكىستان ھازىر تۈركىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئامباردا ساقلىنىۋاتقان دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرىنى ئىمپورت قىلىپلا قالماي يەنە تېخى ياسىلىۋاتقانلىرىنىمۇ ئىمپورت قىلىشقا باشلىدى. ئالبانىيە، كوسوۋو ۋە شىمالىي ماكېدونىيە قوراللىق كۈچلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ مۇداپىئە مەھسۇلاتلىرىنى تاللىماقتا.

### تۈرك سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەر

يەر شارى بويىچە تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئارقىسىدا بىر قانچە سەۋەب بار. ئۆتكەن يېرىم ئەسىردە، تۈركىيە قوراللىق قىسىملىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ھازىرقى زامان تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور مەبلەغ سالدى. تۈركىيە 1974-يىلى سىپرۇس تىنچلىق ھەرىكىتىدىن بۇيان جەمئىي 50 مىليارد دوللارلىق دۆلەت مۇداپىئە ئېكسپورت قىممىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. TSK نىڭ % 80 تىن ئارتۇق ئېھتىياجى دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەر تەرىپىدىن قاندۇرۇلۇپ، نۇرغۇن چىقىم تېجەلگەچكە، تېجەلگەن پۇللار ئارقىلىق باشقا ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

تۈركىيىنىڭ يىللىق ھەربىي چىقىمى 45 مىليارد دوللارغا يەتكەنلىكىنى ئويلاشقاندا، بۇ سانلارنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مەسىلەن، 2024-يىلى تۈركىيە 12 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق بىۋاستە چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلدى. چەتئەل مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 270 مىليارد دوللارغا يەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، تەخمىنەن 2 مىليون 700 مىڭ ئادەمنى ئىشلەيدىغان ۋە ئېكسپورتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان 90،000 چەتئەل شىركىتى ھازىر تۈركىيىدە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

مۇداپىئە تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 100 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى، كەسىپلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 16 مىليارد دوللارغا يەتتى. 2024-يىلغا قەدەر، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدە جانلىق ھالەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان شىركەتلەردىن 3500 دىن ئارتۇق شىركەت بار بولۇپ، يىللىق تەتقىقات چىقىمى 2 مىليارد 800 مىليون دوللاردىن ئاشىدىغان بولغاچقا، بۇ ساھە نۇرغۇن باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئوخشاش بىر يىلدا دۆلەت مۇداپىئە ئېكسپورتىدا 7 مىليارد 150 مىليون دوللارلىق رېكورت يارىتىلدى شۇنداقلا بۇ سان تېزلىكتە 10 مىليارد دوللارلىق ئۆتكەلگە يېقىنلاشتى. 2002-يىلدىن باشلاپ، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى تۈركىيىنىڭ ئېكسپورت مەبلىغى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئاشقان ساھەنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۆتكەن 22 يىلدا، دۆلەت مۇداپىئە ئېكسپورتى تەخمىنەن % 2785 ئاشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يادروسى دۆلەت ئىچىدە قوزغىتىلغان تۈركىيە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدۇر.

**ھەمكارلىقتا ئېچىۋېتىش**

خەلقئارانىڭ تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بۇ سىستېمىلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئىسپاتلانغان مۇۋەپپەقىيىتى. سۇرىيە، ئىراق، ئۇكرائىنا، ئېفىئوپىيە، سۇدان، ئەزەربەيجان ۋە لىۋىيەدىكى تەرەققىياتلار ۋە تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۇ رايونلاردا كۆرسەتكەن ئۈنۈمى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇنىدىن باشقا، غەربتىكى نۇرغۇن كەسپداشلارغا سېلىشتۇرغاندا تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە شىركەتلىرى مەيلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى خۇسۇسىي شىركەتلەر بولسۇن، تېخنىكا جەھەتتىن ئورتاقلىشىش ۋە بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن بولسۇن تېخىمۇ ئىجابىي تارىخ ۋە پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، ROKETSAN ، HAVELSAN ، TAI ۋە ASELSAN قاتارلىق شىركەتلەر تەدبىر قوللىنىپ مىسىرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بەردى. كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا، تۈركىيە بىلەن مىسىرنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان سودا مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش، بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش تەشەببۇسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مىساللىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. مىسىر بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە قاتار قاتارلىق دۆلەتلەر تۈركىيە بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىشقا قىزىقماقتا. رۇمىنىيە، پولشا قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىقىشىنى ئىپادىلىدى ۋە بۇ توغرىدىكى سۆھبەتنى باشلىدى.

### ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندىن باشقا، تۈركىيىنىڭ ئىلغار دۆلەت مۇداپىئە تۈرلىرىگە يەنى كېيىنكى ئەۋلاد كۈرەشچى ئايروپىلان KAAN ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان Kızıllma قاتارلىقلارغا بولغان قىزىقىشى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە، تۈركىيە قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ يەرشارى بويىچە ھەربىي كۈچ رەت تەرتىپىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ يەر شارى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىدە تېخىمۇ تېز ئۈرلىشىدىن ئۈمىد بار. SIPRI ئېلان قىلغان خەلقئارالىق رەت تەرتىپكە قارىغاندا، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئالدىنقاچان خەلقئارادىكى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىچىدە 10 ـ ئورۇنغا تىزىلغان.

T.C. Anadolu, T.C. تراكىيا ۋە MILGEM ئۇرۇش پاراخوتلىرى تۈركىيە دېڭىز ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنى دۇنياۋى باشلامچى قىلىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالقىلىق تۈرلەر.

تۈركىيىنىڭ ياسىمچىلىق سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە رىقابەت ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ تۈرلەر تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا كۆلەملەشكەن دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قۇرۇش پاراخوتى تۈرلىرى جانلىنىپ، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈسكۈنىلەر تېخىمۇ ئېنىقلىق دەرىجىسى ۋە يۇقىرى تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا تۈركىيە ئاۋىئاتسىيە سانائىتى (TUSAŞ) باشلامچىلىق ئورنىدا تۇرىدۇ، 3500 دىن ئارتۇق دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى شىركىتى 100 مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئورناق ئىشلىتىپ، كېيىنكى ئەۋلاد دۆلەت مۇداپىئە ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

بۇ ئېشىش نەتىجىسىدە، تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئېكسپورتىنىڭ تەخمىنەن % 40 ى ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتىلغان. ئومۇمىيۈزلۈك كۆز قاراشنىڭ ئەكسىچە، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېكسپورت بازىرىنىڭ بىرى ئامېرىكا. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق دۆلەت مۇداپىئە مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن زاكاز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سان 2024-يىلى تېخىمۇ كۆپەيگەن ئىدى، ئەمما 2025-يىلى تارىخى رېكورت يارىتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ Baykar Technologies بىلەن Piaggio ئوتتۇرىسىدا سېتىۋېلىش كېلىشىمىنىڭ تەستىقلىنىشى بىلەن يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. پىياگىيو 140 يىللىق سانائەت بازىسى بولۇش بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئاۋىئاتسىيە سۇپىرلىرىنى بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم تۈۋرۈككە ئايلىنالايدۇ. كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان تۈركىيە-ئىتالىيە دۆلەت مۇداپىئە ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. رۇمىنىيە، پولشا، كىرودىيە، ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ماكېدونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئىتالىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىقى يەر شارى مىقياسىدىكى ماركا ۋە قىممەت بەرپا قىلىشتىكى تېخىمۇ كەڭ تىرىشچانلىقنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ، بۇنى تۈركىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.dailysabah.com/opinion/op-ed/turkiyes-defense-dream-comes-true-now-a-global-brand


كۆڭۈل ۋە تەن
يېقىن دوستى يوق كىشىلەردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك
ئولىۋىيا رىيد

# يېقىن دوستى يوق كىشىلەردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك

ئولىۋىيا رېيد

بەزىدە دوستىنىڭ كۆپ بولۇشى مۇھىم ئەمەس، دوستلۇقنىڭ سۈپىتى مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پسىخولوگىيە كىشىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بولماسلىقىنىڭ بەزى مۇئەييەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ «يېقىن دوستلىرى يوق كىشىلەر قۇسۇرلۇق كىشىلەردۇر» دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما، كىشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ساقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلىشى مۇمكىن.

يېقىن دوستلىرى يوق كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تۆۋەندىكى يەتتە خىل ئالاھىدىلىككە چوڭقۇرلاپ كىرگىنىمىزدە ، شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، چۈشىنىش — ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. تۆۋەندە بىز كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بۇ قىزىقارلىق تەرىپىنىڭ ئارقىسىدىكى پسىخولوگىيەنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1) ئىچ مىجەزلىك

ئىچ مىجەزلىكنى دوستى بولماسلىق بىلەن سېلىشتۇرۇش كەڭ تارقالغان خاتا قاراش. ئەمما بۇنىڭدىكى سەۋەب باشقا.

ماھىيەتتە ئىچ مىجەز كىشىلەر يالغۇز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېنېرگىيىسىنى تولۇقلايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار باشقىلارغا يېقىنلىشىشتىن ئېنېرگىيەگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ.

بۇ ئىچ مىجەز كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىن ھوزۇرلىنالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلار ھوزۇرلىنالايدۇ، ئەمما ئۇلار كىچىك دائىرىدىكى، ئاز ئادەم مەۋجۇت بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ھوزۇرلىنىدۇ.

شۇڭا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىچ مىجەز بولغانلىقى ئۇچۇنلا يېقىن دوستلىرى بولماسلىقىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئۇلارنىڭ تونۇشلىرى ياكى ۋاقىتلىق دوستلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يالغۇزلۇق ئېھتىياجى سەۋەبلىك تېخىمۇ چوڭقۇر رىشتە ئورنىتىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن.

ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئالاھىدىلىك سەلبىي ئالاھىدىلىك ھېسابلانمايدۇ. بۇ پەقەت دۇنيا بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلى. بۇنى چۈشىنىش كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشتىكى ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ياخشى قەدىرلىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

### 2) ئۆزگە بەك ئىشىنىش

مەن ئەزەلدىن مۇستەقىللىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ مەسىلىلىرىنى ئۆزۈم ھەل قىلىشنى، ئۆز قارارىمنى ئۆزۈم چىقىرىشنى، ھاياتنى ئۆز ئەھۋالىمغا يارىشا ئېلىپ مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن.

قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇ خىل كەسكىن رەۋىشتىكى ئۆزگە تايىنىشنىڭ بەزىدە مېنى يېقىن دوستلۇق ئورنىتىشتىن چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ئەسلىدە بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي.

ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋاقتىڭىزدا، باشقىلارنىڭ ئۆز دۇنيارىڭىزغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشىڭىز تەسكە توختىشى مۇمكىن. سىز مۇنداق ئويلايسىز: بۇ مېنىڭ دوستلارنى خالىمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى «ئۆزۈمگە ئۆزۈم يېتىمەنغۇ» دېگەن تۇيغۇم بەزىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشۈمگە توسالغۇ بولىدۇ.

پسخولوگىيەدە، يېقىن دوستلىرى يوق كىشىلەرنىڭ دائىم ئۆزگە تايىنىشتەك بۇ ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئۆزگە تايىنىشقا ئادەتلەنگەنكى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقىلار بىلەن قويۇق رىشتە ئورنىتىشتىن ساقلىنىشى مۇمكىن.

يەنە كېلىپ ئۆزگە تايىنىش سەلبىي ئالاھىدىلىك ئەمەس. بۇ نۇرغۇن جەھەتتىن ئالقىشلىنىدىغان خىسلەت. ئەمما، ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش — مۇستەقىللىق بىلەن مۇناسىۋەت ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

### 3) يالغۇزلۇققا مايىللىق

يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدىغانلار پەقەت ئىچ مىجەز كىشىلەرلا ئەمەس. بەزى كىشىلەر باشقىلار بىلەن بولۇشقا قارىغاندا ئۆزى بىلەن بولۇشتىن بەكرەك ھۇزۇرلىنىدۇ.

بۇ خىل كىشىلەر دائىملا ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىدىن ۋە پائالىيەتلىرىدىن رازى بولۇپ ، ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئوخشاش قانائەتلىنەرلىك دەپ قارايدۇ. بۇ ۋەجىدىن، يالغۇزلۇققا مايىل كىشىلەر مۇناسىۋەت ئورناتمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، يالغۇزلۇقنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېقىن دوستى بولماسلىقى مۇمكىن.

بۇ ئالاھىدىلىك، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزگە خاس كەچۈرمىشى بارلىقىنى ۋە دۇنيا بىلەن ئۆزگە خاس ھالدا مۇناسىۋەت قۇرىدىغانلىقىنى كىشىگە ئەسلىتىدۇ.

### 4) زىيادە زىللىق

بەزى كىشىلەر ئەتراپىتىكى مۇھىت (ئىنسانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ھېس-تۇيغۇلار جەھەتتە بەك زىل تەبىئەتكە ئىگە. بۇ خىل زىللىق پەقەت ھېسسىياتچان بولۇش بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. زىيادە سەزگۈرلۈك سەنئەت ۋە مۇزىكىنىڭ چوڭقۇر تەسىر قىلىشىدىن تارتىپ ، ئادەم كۆپ ياكى شاۋقۇن-سۈرەنلىك مۇھىتتىن بىزار بولۇشقىچە بولغان نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەزگۈرلۈكى يۇقىرى كىشىلەر ھەمىشە ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ. باشقىلار دىققەت قىلمىغان تەرەپلەرگە دىققەت قىلىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى چارچىتىۋېتىدۇ. بۇ ھال بەزى زىيادە سەزگۈر كىشىلەرنىڭ يېقىن دوستىنىڭ ئاز بولۇشىغا يول ئاچىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىلەن يەنە باشقا بىرى بولغان، يەنى ئىككى ئادەملا بولغان مۇناسىۋەتنى، ياكى ئاز كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مۇناسىۋەت چەمبىرىكىنى خالىشى مۇمكىن.

بۇ ئالاھىدىلىكنى چۈشىنىش سەزگۈر كىشىلەرنىڭ ئۆز مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىغا ۋە باشقىلارنىڭ ئۇلاردىكى ئۆزگىچە كۆز قاراشلارغا قۇچاق ئېچىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

### 5) باشقىلارغا ئالدىراپ ئىشەنمەسلىك

«مەن دائىملا باشقىلارغا ئىشىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇقىمەن. بېشىمدىن ئۆتكەنلەر مېنى ئېھتىياتچانلاشتۇرۇۋەتتى. مەن باشقىلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش ئارقىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان خەتەرلەردىن ئۆزۈمنى قوغدايمەن.»

باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك باشقىلاردىن گۇمانلىنىش بىلەن ياكى باشقىلار ھەققىدە سەلبىي ئويلاردا بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ يېقىن دوستلۇق قۇرۇشنىڭ ئالدىنى توسىدىغان توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ.

باشقىلارغا ئىشىنىش بولماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مەنىلىك مۇناسىۋەت قۇرۇشى قىيىن. بۇ ھەرگىزمۇ ئىشەنچ مۇجادىلىسى قىلىۋاتقان (يەنى باشقىلارغا ئىشىنىشكە ئۆزىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىۋاتقان) كىشىلەر باشقىلار بىلەن يېقىن دوستلۇق قۇرالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭ مەنىسى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئېچىلىش ۋە باشقىلاردىن ئۆزىنى قوغداش خاھىشىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئۇزۇنراق ۋاقىت كېتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

بۇ ئالاھىدىلىكنى تونۇپ يېتىش كىشىنىڭ باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىشىنىڭ ۋە يېقىن دوستلۇق قۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تۈنجى قەدىمى بولالىشى مۇمكىن.

**6) رەت قىلىنىشتىن قورقۇش**

رەت قىلىنىشنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. بىراق بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن، رەت قىلىنىشتىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى شۇ قەدەر ئېشىپ كېتىدىكى، بۇ ھال ئۇلارنى يېقىن دوستلۇق قۇرۇشتىن مەھرۇم قويىدۇ.

رەت قىلىنىشتىن قورقۇش تۇيغۇسى بىكاردىنلا شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس. بۇ تۇيغۇ ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنى، چەتكە قېقىلغانلىقىنى ياكى ئۇمىدسىزلەندۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرىدىن مەنبەلىنىدۇ.

نەتىجىدە، رەت قىلىنىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن، كۆز قاراشلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشتىن، ياكى بىراۋ بىلەن يېقىن دوستلۇق قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشتىن ئېككىلىنىدۇ.

(رەت قىلىنىش قورقۇشى بار كىشىگە نىسبەتەن) مۇمكىن بولغان رەت قىلىنىش ئازابى — مۇمكىن بولغان دوستلۇق خۇشاللىقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. رەت قىلىنىش قورقۇشى يېقىن دوستى يوق كىشىلەردە بار بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قورقۇشنى تونۇپ يېتىش كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن قەدەم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**7) ساندىن بەك سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش**

ئەستە تۇتۇشقا تىگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى شۇكى، يېقىن دوستلىرىڭىزنىڭ سانىنىڭ ئاز ياكى نۆل بولۇشى سىزدە بىر مەسىلە بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەزى كىشىلەر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن يۈزەكى رەۋىشتە ئارىلىشىپ قويۇشنىڭ ئورنىغا (ئاز كىشى بىلەن) چوڭقۇر، مەنىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بۇ كىشىلەر ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى يۈزەكى رەۋىشتە بىردىن كۆپ دوستقا ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا، ھەقىقىي تۈردە مۇناسىۋەت قۇرالايدىغان، سىرلىرىنى ئېيتالايدىغان ۋە ئۆزى ئىشىنەلەيدىغان بىر دوستقا ئىگە بولۇشتۇر.

بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى كۈچلۈكلۈككە ۋە مۇناسىۋەتتىكى چىنلىققا بولغان ئارزۇسىغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ ساندىن بەك سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ پىرىنسىپ ھاياتىنىڭ نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرىگە ماس كېلىدىغان بولۇپ، دوستلۇقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://geediting.com/psychology-says-people-with-zero-close-friends-usually-display

مىسلىسىز ئويغىنىش



# ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشپىيونلۇق بىلەن ئەيىبلىدى

# ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشپىيونلۇق بىلەن ئەيىبلىدى

ئاپتورى: ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى گېزىتى تەھرىراتى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كومىتېتى ئامېرىكادىكى ئالتە ئۇنىۋېرسىتېتتا پەن، تېخنولوگىيە، ئېنجېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا ساھەلىرىدە ئوقۇش ئۈچۈن تىزىملاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوغدىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى جون مۇلىنار (John Moolenaar) بۇ ھەقتە كارنېگ مېلون ئۇنىۋېرسىتېتى، پۇردۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىللىنوس ئۇنىۋېرسىتېتى، مارىيلەند ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالتە ئۇنىۋېرسىتېتقا مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، ئۇ مەكتۇپىدا خىتاينىڭ خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى ئامېرىكادىكى مۇھىم تەتقىقات پروگراممىلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە ئىلغار تېخنولوگىيەلىرىنى قانۇنسىز رەۋىشتە قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

كومىتېت رەئىسى جون مۇلىنار خېتىدە ئامېرىكانىڭ «خەتەرلىك ئۆتكەلدە» ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي ئورگانلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك مالىيە پايدىسىنى قوغلىشىشىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك يەرشارىۋى تېخلوگىيىلىك رەھبەرلىكىگە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى. ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىشپىيونلۇقنىڭ ۋە بىلىم-مۈلۈك ئوغرىلىقىنىڭ «يۇمشاق نىشانى» ئىكەنلىكىنى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، خىتاينىڭ ئوقۇش ۋىزا سىستېمىسىنىڭ «بېيجىڭنىڭ ياغاچ ئېتى» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

ئۇ مەكتۇپىدا «ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى خىتاينىڭ تېخنولوگىيە ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ئاساستا پارىنكلىق رولى ئوينىدى» دەپ كۆرسەتتى.

مەكتۇپتا مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كېلىۋاتقان ئىقتىساتلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تەتقىقات تۈرلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، چەتئەل پۇخرالىرىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن پروگراممىلاردا خىزمەت قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتلار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان سىياسەتلەر ھەققىدە ئېنىقلىما تەلەپ قىلىنغان.

ئامېرىكانىڭ بۇ پوزىتسىيىسىگە جاۋابەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى باياناتچىسى ماۋنىڭ ئامېرىكانى «دۆلەت بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنى كەلسە كەلمەس ئىشلىتىشنى توختىتىشقا» چاقىردى ۋە ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشنى» تەلەپ قىلدى.

ماۋ مۇخبىرلارغا ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ئامېرىكادىكى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكانىڭ «ئىقتىسادىي ۋە تېخنولوگىيە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقانلىقىنى» ئېيتتى.

ئامېرىكادا ئوقۇيدىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلار ھەر قاچان ئوقۇش پۇلىنى تولۇق تۆلىگەنلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى تەرىپىدىن مۇھىم ئىقتىسادىي بايلىق سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، كۆپلىگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى قوينىغا ئالغان.

ھالبۇكى، مۇلنار ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەندىشىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېرىنى خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا بېرىۋېتىش بىلەن ئەيىبلىدى.

«نۇرغۇنلىرى تولۇق ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇپ ئوقۇيدىغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن كىرىم داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىتىشىغا باغلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار ئىقتىسادىنى كۆزلەپ باغلىنىپ قالغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئەڭ باشتا تۇرىدۇ. چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ دۈشمەنلىك ھالىتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بولغان بۇ خىل باغلىنىپ قېلىش — ئامېرىكالىق ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىگە خىرىس كەلتۈرۈپ، كەسپىي ئۈستۈنلۈكنى

چەتئەلدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇشى ئامېرىكىنىڭ تېخنولوگىيە جەھەتتىكى باشلامچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك نەتىجىلەر نۇقتىسىدىن بۈيۈك ئەندىشىلەرگە يول ئاچماقتا.»

بۇ مەكتۇپ جۇمھۇرىيەتچى مىللەت ۋەكىلى رلېي مۇر (Riley Moore) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇش ياكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پروگراممىلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكا ۋىزىسى ئېلىشىنىڭ چەكلىنىشىنى نىشانلىغان بىر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇر خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلىدى.

مۇر «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋىزا بېرىشنى توختىتىش قانۇن لايىھىسى» دەپ بىلىنگەن قانۇن لايىھىسىنى دۆلەت مەجلىسىگە سۇندى. ئەمما، بۇ قانۇن لاھىيىسى مۇخالىپەتنىڭ قارشىلىقى ۋە «ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدۇ» دېگەن ئەندىشە سەۋەبلىك تەستىقتىن ئۆتۈشى مۇمكىنسىز دەپ قارالماقتا.

تەنقىتچىلەر بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ 1882-يىلىدىن 1943-يىلىغىچە خىتايلارنىڭ ئامېرىكاغا كۆچۈشىگە چەك قويىدىغان خىتاينى چەتكە قېقىش قانۇنىنى ئەسلىتىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.middleeasteye.net/news/US-lawmakers-accuse-chinese-students-espionage-push-universities-data



خىتاي تەتقىقاتى

# خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىقى

جېسسىكا كوستېسۇ

# خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىقى

جېسسكا كوستىسسۇ

ئامېرىكا خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى دەپ ئەيىپلىگەندىن كېيىن، خاۋرارد ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى مەخپىي تەربىيىلىدى.

تاشقى سىياسەت ژۇرنىلى مۇتەخەسسىلىرى مۇنداق دېدى: «خارۋاردنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى (XPCC) ئەزالىرىنى تەربىيىلىشى بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قارشى زوراۋانلىقىغا ياردەملىشىش خەتىرىنى تۇغدۇردى.»

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى سەۋەبلىك خىتاي «paramilitary organization» ئەزالىرىنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىككى قېتىم مەخپىي تەربىيىلىگەن. تاشقى سىياسەت ژۇرنىلى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرىنىڭ قارىشىچە، «The Ivy League institution» بۇ سەۋەبلىك بىر ئېغىر قانۇنىي مەسىلىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

خاۋاردقا تەۋە «T.H. Chan School of Public Health» نامىدىكى ئاممىۋى سەھىيە مەكتىپى بېيجىڭ دۆلەتلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىتاينىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان يىللىق ساغلاملىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۇرسىنى باشلىغان. خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەسلىدە تورغا چىقارغان بىر يازمىسىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق تەربىيىلەشكە قاتناشقانلىقىنى، ئەمما «ۋاشىڭتون فرى بىكون گېزىتى»نىڭ مۇشۇ جۈملىنى تۇتقۇ قىلىپ تۇرۇپ مەسىلىنى تەكشۈرۈشكە باشلىشىدىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى بايان خارۋارد تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

ترامپ ھۆكۈمىتى 2020 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا جازا يولغۇزغەن ۋە ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاراشلىق ھەربىي ئورگان دەپ ئاتىغان تۇرۇقلۇق، خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ ئەزالىرىنى تەربىيىلەشنى داۋام قىلغان. بۇ تەربىيىلەشنىڭ بىر قېتىملىقى 2023 ـ يىلى، يەنە بىر قېتىملىقى 2024 ـ يىلى بولغان. ھالبۇكى، بۇ ئىككى قېتىملىق تەربىيىلەش ھەققىدە تور بېتىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن.

ختاينى مەركەز قىلغان ئىستراتېگىيىلىك خەتەر ئورگىنى يېقىندا «بېيجىڭنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كۆپلىگەن ساھەلەردە كېڭىيىۋاتقان تەسىرى» تېمىسىدا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا، خارۋاردنىڭ 2023 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى خادىملىرىنى تەربىيلەش قىلمىشىنى پاش قىلغان.

بۇ پاش قىلىش ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئانتىسېمىتىزمغا قارشى كۈرەش قىلمىدى دەپ قاراپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىلىدىغان ئىككى مىليارت دوللاردىن كۆپراق دۆلەت ياردىمىنى توڭلىتىشى نەتىجىسىدە خارۋاردنىڭ بارغانچە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قېلىۋاتقان بىر پەيتتە يۈز بەردى. خادىسىن ئىنىستىتۇتى تەتقىقاتچىسى مىخائىل سوبولىكنىڭ (Michael Sobolik) بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى شۇكى، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان جازاسى ئامېرىكادىكى ئورگانلارنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى چەكلىگەنلىكتىن، خارۋار ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ قانۇنسىز مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك نەچچە يۈز مىڭ دوللار ئىقتىسادىي جازانى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنىي مەسئۇلىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

«ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتكۈزدى دەپ ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىلەن شېرىك بولۇش باشقا ئىش ئىدى. ئامېرىكانىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارىدىن كېيىنمۇ بۇ مۇناسىۋەتنى يەنىلا داۋام قىلىش تامامەن باشقا بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. خارۋارد ئەمەلدارلىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خادىملىرىنى تەربىيلەش بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارلار باشچىلىقىدىكى تۈركىي مىللەتلەرگە قارشى قىلغان زۇلۇملىرىغا ھەمدەم بولغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جاكارىدىن خەۋەرسىز ئىدى دېسەك، بۇ ئۇلاردىن سادىر بولغان ئىنتايىن چوڭ سەل قاراش دېگەن گەپ. ئەگەر ئۇلار بۇ جاكاردىن خەۋەردار ئىدى دېسەك، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بۇ ھەمكارلىقىنى ئەسلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ھەر ئىككىلى خىل ئەھۋال ئوخشاشلا خاۋاردنىڭ قانۇنىي مەسلىسى ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ سوبولىك.

سوبولېك يەنە مۇنداق دەيدۇ: «خەلقئارالىق ساغلاملىق سۇغۇرتىسى تەشكىلاتى (NHSA) ھەر يىلى خىتاينىڭ ھەر بىر رايونىدىكى ساغلاملىق سۇغۇرتىسى ۋە ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پروگراممىلىرىنى باشقۇرىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنى دەۋەت قىلىدۇ. دەۋەت قىلىنىدىغانلار ئارىسىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بار. ھەر يىلى ئوخشىمىغان شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تەربىيەلەشلەر تىپىك ھالدا خىتاينىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە ئەللىك بىلەن ئاتمىش يەرلىك ئەمەلدارنى بىر يەرگە يىغىدۇ. تەربىيىلىگۈچىلەر پەقەت خارۋاردتىنلا ئەمەس، بىردىن كۆپ دۆلەتتىن ۋە بىرمۇنچىلىغان ئاكادېمىك ئورۇنلاردىن كېلىدۇ.»

خىتاي دۆلىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇري تۇغماس قىلىۋېتىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىش ۋە ئۇيغۇرلارنى ناتوغرا تىببىي تەجرىبىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلىنىپ كەلمەكتە.

«The Chan School of Public Health» نىڭ ئالاقە ۋە ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش مۇدىرى ستىفىن سمون خىتاينىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنى مەزكۇر تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرغانلىقىنى ئەيىپلىدى. ئۇنىڭدىن 2019-يىلدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىدىن چىقىرىۋېتىلگەن مەزمۇنلار سورالغاندا، تور بەتنىڭ قايتا لايىھىلىنىشىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە بىر قانچە ئاي ئىلگىرى «ھەر بىر بۆلۈمدىن، ھەر بىر مەركەزدىن ۋە تەتقىقات تور بېتىدىن كونا مەزمۇنلارنىڭ چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى» ئېيتتى.

«خارۋاردنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سەھىيە جەھەتتىكى ھەمكارلىقىدىكى مەقسىتى تولىمۇ ئېنىق. خىتايدىكى بارچە كىشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك سەھىيە خىزمىتىگە ئېرىشەلىشى ئۈچۈن خىتاي ئەمەلدارلار دائىمىي ئىقتىسادىي مودېللار ئارقىلىق تەسىرچانلىقى ئىگە سۇغۇرتا پروگراممىلىرىنى بەرپا قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش. خىتايدىكى تەتقىقات، تەربىيىلەش خىزمەتلىرىمىز مەكتەپنىڭ ھەممەيلەن ئۈچۈن ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىقنى ئۆستۈرۈش غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىغان يەككە ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ ماڭدۇرۇلماقتا.»

خارۋارد خىتايدىن ۋە باشقا خىتاي مەنبەلىك ئورگانلاردىن ئېرىشكەن ئىقتىساد سەۋەبلىك (ھۆكۈمەت تەرىپىدىن) ئىزچىل ھالدا تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلدى. ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ھۆججەتلىرىگە بىنائەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 2019-يىلدىن 2022-يىلغىچە خىتايدىن تەخمىنەن

يەتمىش مىليون دوللار ئىقتىسادقا ئېرىشتى. خارۋارد خىتايدىن قولغا كەلتۈرگەن بۇ پۇل ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتتىن قولغا كەلتۈرگەن پۇلدىن كۆپ جىق ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ۋە خارۋارد خەلق ساغلاملىق مەكتىپى ئارىسىدىكى ھەمكارلىق 2014-يىلى باشلانغان. خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى چەن جەمەتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان «Morningside» ۋەخپىسىدىن 350 مىليون دوللارلىق ئىئانە قوبۇل قىلغان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ مەكتەپنى خوڭكوڭلۇق ئۆي-مۈلۈك ماگناتى گىرالد چەننىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ، شۇنداقلا بېيجىڭ بىلەن ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتى بولغان رونى چەن ئىسمى بىلەن يېڭىدىن ئاتىدى. بىراق، خاۋرۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى مەركۈز ئىئانىنىڭ «تەلەپ قىلىنمىغان، چەكلەنمىگەن ۋە كۆتۈلمىگەن ئىئانە» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

خارۋارد ھازىرغا قەدەر خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ئارقىلىق يۈزلىگەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارىنى تەربىيىلىدى. خارۋارد 2022-يىللا خىتاينىڭ ئۆلكە ۋە مەركەز دەرىجىلىك 188 رەھبىرىنى تەربىيىلىدى.

خارۋاردنىڭ ساغلاملىق ھەمكارلىقى خىتاينىڭ يەتتە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەتتە ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئالتىسى ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى سەۋەبلىك كۈچلۈك بىخەتەرلىك تەھدىتى دەپ قارالغان قۇرۇلۇشلار سۈپىتىدە تىزىملىكتە يەر ئالغان. بۇ تىزىملىكتە يەر ئالغان سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۈچ ئۇنىۋېرسىتېت خىتاينىڭ يادرو قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن تېخنولوگىيە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار ھېسابلىنىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://freebeacon.com/campus/harvard-quietly-trained-members-of-chinese-



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2025 -يىلى 4– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 4 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

## دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025-يىلى، 4-ئاي)

4-ئاينىڭ 9-كۈنى

**ئامېرىكادا يېڭى قانۇن لايىھەسى**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىگە قارشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رېئال قەدەملەرنى ئېلىشى ئۈچۈن دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى ياڭ كىم خانىم باشچىلىقىدا سۇنۇلغان ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى(H. R. 2635) لايىھەسىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ قانۇن لايىھەسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىتاي تېررىتورىيىسى ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم سېلىشى ھەققىدە خەلقئارالىق ئېتىبارنى قوزغاش ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى يوق قىلىش تىرىشچانلىقىغا قارشى تەدبىرلەرنى ئېلىشنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىشنى توختىتىشنى مەقسەت قىلغان.

https://youngkim.house.gov/2025/04/09/rep-young-kims-bipartisan-uyghur-policy-act-passes-committee/

4-ئاينىڭ 17-كۈنى

**ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى دۇنياۋىي زەنجىرسىمان مېھمانخانىلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىنى يوق قىلىپ كۆرسەتمەسلىككە چاقىردى**

خەلقئارالىق مېھمانخانىلارنىڭ چوڭ پەيتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىنى ساياھەت رايونى سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىش پەيتىگە توغرا كەلدى. 2024-يىلى شەرقىي تۈركىستانىنى جەمئىي 300 مىليون ساياھەتچى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇ زىيارەتچىلەردىن ئەڭ ئاز بەش مىليونى چەتئەللىك زىيارەتچىلەر ئىكەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجەكتىنىڭ (UHRP) دوكلاتىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا 115 خەلقئارالىق مېھمانخانا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئەڭ ئاز 74 مېھمانخانا قۇرۇلۇش ياكى پىلانلىنىش باسقۇچىدا ئىكەن. بەزى مېھمانخانىلار مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلىشىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشلىرىنى قانۇنىيلىققا ئىگە قىلىش قىلمىشى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېلىگىرى سۈرۈپ، خەلقئارالىق شىركەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشقا چاقىرماقتا.

https://www.theguardian.com/world/2025/apr/17/uyghur-rights-group-calls-on-hotel-chains-not-to-sanitise-china-abuses-in-xinjiang

4-ئاينىڭ 23-كۈنى

## خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى توختاپ قالغىنى يوق

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرىنى چەكلەشنىڭ 2030-يىلدىكى پاكىز ئېنېرگىيە نىشانىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئېنېرگىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە بۇ خىل ماتېرىياللارنىڭ قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىسى ، شامال تۇربىسى ۋە باتارېيە قاتارلىق مەھسۇلاتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ماتېرىياللار چەكلىنىدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىشتە باشلامچى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغان. مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ بايانىچە، ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ساھەسىنىڭ ھەممىلا تۈرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا ئىكەن.

https://www.standard.co.uk/news/politics/chinese-ed-miliband-government-xinjiang-downing-street-b1223804.html

4-ئاپرېل 28-كۈنى

**خىتاي چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا تور ھۇجۇمى قىلدى**

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى «Citizen Lab» نىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە يېقىن كىشىلەر ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلارنى يامان غەرەزلىك تور ھۇجۇمى بىلەن نىشانغا ئالغان. ئېلخەت يوللانمىسىغا يوشۇرۇلغان ۋىرۇس ئۇيغۇر تىلى دېتالى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنغان. بۇ ھۇجۇم خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دۆلەت ھالقىغان ھۇجۇمى ھېسابلىنىدۇ. ھۇجۇم نىشانى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ، «Citizen Lab» بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا قوللىنىلغان تاكتىكىنىڭ ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تور ھۇجۇمىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

https://www.icij.org/investigations/china-targets/cyberattack-against-uyghur-rights-activists-shows-hallmarks-of-chinese-repression-tactics-researchers-say/

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى




ئاتاقلىق يازغۇچى، تارىخچى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى (1922-1992)



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئىلىم-پەن تەشكىللىك بىلىم. بىلىك بولسا تەشكىللىك ھاياتتۇر. ۋىل دۇرانت